نەۋرىلىرى بىرمۇنچە كىتاپلارنى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان.

1352 -يىلى ئەرتوگا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى ئوغۇللىرى
باشقۇرۇپ، 1381 -يىلىغا كەلگەندە ئەرتوگا دۆلىتى ئاخىرلاشقان.

## ئانادولۇدا دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇر ئەرتوغا



موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستىلاسى دەۋرىدە، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن ئۇيغۇر تۈرك بەگلىرى ۋە سەركەردىلىرى ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان سۇلتان ئالائىددىن ئەرتوغا تۈركىيە تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

14-ئەسىردە خوراسان، ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان دۆلەتلىرىگە ھاكىم بولغان ئىلىكخانلىق ئوردىسىدىن قەيسىرىگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلەنگەن تەيجى باقشى (جاپپار بەگ)نىڭ ئوغلى ئالائىددىن ئەرتوغا 1327-يىلىدىن 1352-يىلىغا قەدەر ئانادولۇدا ئەمىر، نويان، ئومۇمىي ۋالىي، سۇلتان بولۇپ ھاكىمىيەت باشقۇرغان ۋە 1341-يىلىدىن 1381-يىلىغىچە داۋام قىلغان ئانادولۇدىكى ئەرتوغا دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، سۇلتانى بولغان.

1990-يىلى تۈركىيە كۈلتۈر باقانلىقى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ياردەمچى دوچانت دوكتور كامال گۆدە يازغان «سۇلتان ئالائىددىن ئەرتنا» ناملىق كىتابتا ئۇيغۇر تۈرك سۇلتانى ئەرتوغانىڭ ھايات كەچمىشلىرى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پائالىيەتلىرى ۋە تۈرك تارىخىدىكى ئورنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنغان ھەمدە بايان قىلىنغان.

خۇددى زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ: «رۇم دۆلىتىدە ئۇيغۇر بەگلىرىدىن، تۇمەن بەگ، مەرتىۋىسىدىكى تارىمتاز، سەنەكتاي ۋە ئەرتنا قېرىنداشلىرى دېيىلگەن ئەمىرلەرنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر» دەپ كۆرسەتكىنىدەك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئاسىيا چوڭ قۇرۇغلۇقىدىن تارتىپ رۇم تەۋەلىكىگە، مەركەزدىن تارتىپ ئىلىكخانلىقلار، شەھەرلەر ھەتتا شەھەرچىلەرگىچە بولغان بارلىق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە مەدەنىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئۇيغۇر تۈرك بەگلىرى ھەم سەركەردىلىرى ئىشلىگەن. ئۇيغۇر تۈرك تىلى، يېزىقى ھاكىمىيەتتە ئىشلىتىلگەن.

ھەم يىلنامىسىگە ئاساسەن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىللاردا سوغدى ھەرپلىرى بىلەن خەتتايچە خەتلەرنى ترانسكرىپسىيە قىلغانلىقىنى ۋە تۆت يۈز سەكسەنىنچى يىللاردا پۇلسا قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك تىلىنى يازغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ، مىلادى تۆت يۈز سەكسەنىنچى يىلى تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئىگىز ھارۇلىقلار بولىگىنىڭ يۈز مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن قوجۇنىڭ غەربىگە كېلىپ ئىدىقۇت خانلىقىنى باشقىدىن تىكلەپ ، دۆلەت قۇرغانلىقىدەك تارىخى پاكىتنى دەلىللەپ ، خەتتايلارنىڭ « ئۇيغۇرلار شەرقى تۈركىستانغا سەككىز يۈز قىرىقىنچى يىلى كۆچۈپ كەلگەن ، يىمىرىقىنىمۇ شۇ چاغدا ئىلىپ كەلگەن . . . » دىگەن تۆھمەتخاراكتېردىكى ئۇيدۇرمىسىغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى .

## يەتتىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر پال چۆكلىرى

ئاتمىش بەشىنچى يىلى بىرىنچى ئايدا تۇرپاننىڭ سۇلايمان مۇنارىسى ئەتراپىدىكى ئەنجانلىق خارابىلىقىدىكى بىر قەدىمى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى ئورنىدىن بىر كومزەك تېپىلغان . ئۇنىڭ ئىچىددىن تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ « سۇن چۆەن تەزكىرىسى » ، قىيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى قوليازمىلار ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى يىگىرمە بەش تارشا چىقتان . تىلشۇناس قۇربان ۋەلىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، كىيۇ جەمەتى ھاكىملىق قىلغان قوچۇ دۆلەتى ( 499 — 640 ) زامانىسىدىكى بۇ پال چۆكلىرىدىكى ئۇيغۇرچە سان يېزىقلىرى ئۇيغۇر تۈركلەرىنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىگىنى ، پالچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن ، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ يەتتىنچى ئەسىردە ئۆز يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىسا ، رادلوف ھەمدە فىنىڭ جىياشىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار توققۇزىنچى ئەسىردە يېزىق قوللانغان ، تۇرپانغا شۇ چاغدا كۆچۈپ كەلگەن ، دىگەن قاراشلىرىنى قاتتىق رەت قىلدۇ .

## بەش ئاۋازلىق كۈي سىستېمىسى رايونى

خىتاي مۇزىكشۇناسى رۇياشيۇڭ بىلەن ۋېنگىرىيىدە ئۆتۈغان مۇزىكشۇناس جاڭ رۇي يېقىندا ئېلان قىلغان كەنسۇدىكى سىرىق ئۇيغۇر تۈركلىرى بىلەن ۋېنگىرىيە خەلقىنىڭ ناخشا ئاھاڭلىرىدىكى ئوپئوخشاشلىق توغرىسىدىكى ئىلمى ماقالا دۇنيا مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ يوقىرى باھاسىغا ئىرىشتى .

ئۇلار بۇ ئىككى جايدىكى خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئىپتىدائى شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ، تارىخ ، ئېتنولوگىيە ، تىلشۇناسلىق خەھەتلەردىن ئىلمى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى تۈرالار ئىكەنلىگىنى ، تۈرالارنىڭ ھونلار بىلەن بىر خەلق ئىكەنلىگىنى ، تىلىنىڭ ئوخشاش ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركى تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىگىنى ، مىلادى بىرىنچى ئەسىرلەردە ھونلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ياۋروپاغا كۆچكەنلىگىنى ، ھەر ئىككىسىنىڭ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغانلىغىنى ، ۋېنگىرىيىدىن تارتىپ قارادېڭىز بويلىرىنى بويلاپ ، كاسپى دېڭىزى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ سىرىق ئۇيغۇرلار ماكانى كەنسۇغىچە بولغان پۈتۈن رايوندا ئەسلى كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەرنىڭ « بەش ئاۋازلىق كۈي سىستېمىسى رايونى » شەكىللەندۈرگەنلىگىنى ئېلان قىلىپ ، تۈرك خەلقىنىڭ تارىخى بىرلىگىنى ئىنكار قىلغان خىتاي تارىخچى-سىياسەتچىلىرىگە رەددىيە بەردى .

## بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلگەن قەدىمى جەسەت

مىڭ توققۇز يۈز يەتمىش بىرىنچى يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئار-
خېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ئېپتىدائىي قەبرىستانلىقتىن بىر ياش ئايالنىڭ ۋە
بىر بالىنىڭ جەسىدىنى قېزىۋالدى. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە پاكولتېتى كاربون ئون تۆت تەجرى-
بىخانىسى قەبرىدىكى ياغاچلارنى ئانالىز قىلىپ، بۇ جەسەتلەرنىڭ ئالتە مىڭ تۆت يۈز ئون ئىككى يىل بۇ-
رۇن دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»
دە خەۋەر قىلدى. جەسەتلەر يەر يۈزىدىن ئېگىز قۇرغاق قۇم دۆۋىسىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، گۆرنىڭ
ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان. گۆرتىك قىلىپ قېزىلغان. جەسەتلەر ئوڭدا ياتقۇزۇلغان. ئۈستىگە
ياغاچ تاختاي ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن چىغ توقۇلما يېپىلغان. جەسەت قوپال يۇڭ رەختكە ئو-
رالغان. ئايالنىڭ بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ سېرىق ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇ-
رىدۇ. كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قاڭشارلىق. ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە چىغ سېۋەت، ئىچىدە
زىرائەت دانلىرى بولۇپ، ئۆز پېتى ساقلانغان بۇغداي دانلىرى چىققان.

بۇ دۆمبىسىرىق تەنلىك خېتايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ باقمىغان، ئارىيانلار كېلىشتىن بىر-
نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن بولۇپ، جەسەتلەر شەكسىز ئېرىق تىپى، زېمىنى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرى جەھەتتە
ئەجدادلىرىمىزنىڭ-تۈركلەرنىڭ جەسەتلىرىدۇر. بۇ جەسەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالتە مىڭ يىللار ئىلگى-
رىلا توقۇمىچىلىق سانائىتىگە، نازۇك قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ۋە دېھقانچىلىققا كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر لۇغىتى

ئارخېئولوگ، تىلشۇناس، تارىخشۇناس، قەدىمقى يېزىقلار ۋە تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقات-
چىسى تۇربان ۋەلى، مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك توققۇزىنچى يىل ئاخىرىدا تۇرپان يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى
سىڭگىم بۇددا خارابىلىقلىرىدىن تېپىلغان، شەرقىي تۈركىستان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 1326 -نو-
مۇرلۇق ئون بىر پارچە پۈتۈك خەتنى تەتقىق قىلىپ، يېزىق شەكىللىرى ۋە مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش
ئارقىلىق ئۇنىڭ مىلادى توققۇزىنچى ئەسىردىكى خېتايچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى ئىكەنلىكىنى
مۇئەييەنلەشتۈردى. دېمەك ئۇيغۇر تۈركلىرى ئون بىرىنچى ئەسىردىكى دىۋان لۇغەتىل تۈركتىن باشقا يەنە
ئۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنلا بۇددا دىنى شارائىتىدا خېتايچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت تۈزۈپ، ئىنسانىيەت
مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

## مىلادى بەشىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئارخېئولوگ تۇربان ۋەلى مىڭ توققۇز يۈز يەتمىش بەشىنچى يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇر-
پان يالقۇنتاغدىكى قاراخوجا مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدىكى
ئون سەككىز پارچە تارشا خەتنى تەتقىق قىلىپ، تارشىلاردىكى «كېپىل»، «كىشى»، «ئوغۇز»، «تېكىن
«مىلادى تۆت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىل» ۋە «مىلادى تۆت يۈز سەكسەنىنچى يىل» خەتلەرنىڭ مەزمۇنى

## شەرقىي تۈركىستان ئىنسانلار پەيدا بولغان قەدىمىي ماكان

تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بوغدا كۆلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان كىشىلەر كۆلگە يېقىنلاشقاندا ئايلانمىدا دۆۋىلىگىلىك تۇرغان قىزىلما تاشلارنى كۆرۈپ، گېئولوگلار كان ئىزدىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، پەرۋا قىلمايدۇ. مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇزىنچى يىللاردا خىتايلارنىڭ بېيجىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يۈەن فۇلى ئالتۇن كان ئىزدەپ تەسادىپىي ئامەتكە يولۇقۇپ پىروفېسسور بولۇۋالغان. ئۇ، تۆتلەمچى دەۋر يەر قاتلىمىدىن ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىر سۆرەلمە ئىسكىلېتنى قېزىپ چىقىرىپ، ساندۇققا قاچىلاپ، تۆگىگە ئارتىپ، بېيجىڭغا ئوغرىلىقچە ئېلىپ قاچقان. بۇ قىممەتلىك ئىسكىلېت ھازىرغىچە يوشۇرۇن ساقلانماقتا. ئەمما خىتاي تارىخچىسى لى سىگۇاڭ بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ دۇنياغا: «بوغدا تېغىدىن تېپىلغان تۆتلەمچى دەۋر كۆچمە مۇز يۆتكىلىشىنىڭ ئىزى، بۇ يەردە ئادەم پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.» دەپ جاكارلىدى. ناھايىتى روشەنكى، ئەجدادلىرىمىز ھونلارنىڭ ياشىغان ۋە كېڭەيگەن زېمىنلىرى بولغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغان ئانا ماكانىدۇر.

## سەككىز مىڭ يىللىق قىيا تاش رەسىملىرى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇلچەر دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇپ ئىشلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرى يېقىندا ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ قىيا تاشلارغا قۇيرۇغلۇق ئادەم، نىقاپلانغان ئادەم، ئۇسسۇلچى، ئوۋچى قاتارلىق ئادەم رەسىملىرى، ئات، تۆگە، بۇغا، تاغ تېكىسى، غۇلجا، ئارقار، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، جەرەن، كېيىك، بۆكەن، ئېيىق، ئىت، تۈلكە قاتارلىق ھايۋان رەسىملىرى، ئوۋچىلىق، جەڭ تەسۋىرلىرى رەسىملىرى بولۇپ، باشلانغۇچ جەمئىيەت دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەككىز مىڭ يىل بۇرۇنقى ھاياتى يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئوۋچىلىق تېخنىكىسى، ئۇسسۇل سەنئىتى شۇنىڭدەك قەبىلىلەر ئارا جەڭ ئەھۋالى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىملەر قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغ، ئالتاي، چوقاي، خاڭگەي تاغلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئۇسلۇپ، مەزمۇن، شەكىل جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، تۇران، ھون، ساك، تۈرك دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك قەدىمىي سەنئىتى نامايەن قىلىنغان.

## سەككىز مىڭ يىللىق تۈرك ھەيكىلى

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ يىگىرمىنچى يىللىرى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى پەنجاپ شىتاتى ۋە سىندى ئۆلكىلىرىدىكى ھاراپپا، مۇھەنجودارا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە، تېپىلغان ھەيكەللەر ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك (ئۇيغۇر) تىپىغا كىرىدىغان ۋە بېشىدىكى چاچلىرى قېيىقچە (لېنتا) بىلەن باغلانغان بىر ھەيكەل چىققان. سەككىز مىڭ يىل بۇرۇنقى بۇ ھەيكەل تارىم ۋادىسىدىن شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزناسى بولۇپ، ئارىيانلاردىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا ئۆز زېمىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن خاتىرە قالدۇرغان.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىخىي ۋەسىقىلەر

ئا. ئىلتەبىر رەتلىگەن



مىلادى توققۇزىنچى ئەسىردىكى
خىتايچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت



بەشىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى



قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى بۇددا
نومىنىڭ پارچىسى



يادىكارلىقلار قاچىلانغان كومزەك

سەككىز مىڭ يىللىق «ئۇيغۇر شەھرى»

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇمۇل شەھىرىدىن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارىتام قەدىمىي يۇرتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا «ئۇيغۇر شەھرى» دېگەن قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار. ئەتراپتا ئۇيغۇر تۈركلىرى ياشىغان بوددا دىنى خارابىلىقلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئارخېئولوگلار بۇ ئەتراپتىن نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىۋالغان بولۇپ، بۇ يەردىن چىققان ساپال قاچىلار بېيجىڭ ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن سەككىز مىڭ يىللىق تارىخىي يادىكارلىق دەپ ئېنىقلاپ ئېلان قىلىنغان. بۈگۈنگە قەدەر تەكشۈرۈش چەكلەنگەن بۇ شەھەر خىتاي سىياسەتچىلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك يوشۇرۇشى ۋە مۇبالاغىچىلىقى بولمىغىنىدا ئاسىرى ئېچىلغان بولاتتى.

بولۇپمۇ بەدىئىيلىكى خېلى يۇقىرى بولغان، مەزمۇنى چوڭقۇر ئىجادىي شېئىر پارچىلىرى ۋە شائىرلار ھەققىدىكى مەلۇمات ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

دىۋاندىكى ئاسىيا خەرىتىسىمۇ ئۇلۇغ كەشپىيات ئىدى. ئالىم يەنە قەدىمىي تۈرك كالېندارى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئۇن ئىككى مۇچەل ھېساۋىدىكى بۇ كالېندارنىڭ بۈگۈنگىچە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا ئۈزۈلمەي قوللىنىلىۋاتقانلىقى كالېندارچىلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دىۋاندا ئىزاھلانغان سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، مېتاللىچىلىق، زىننەت بۇيۇملىرى ياساش، سودا-سېتىق ھەققىدىكى مەزمۇنلاردا بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا بۇغداي، قوناق، ئارپا، شال، تېرىق، گۈنجۈت قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. شورپا، ھېسىپ، ھورنان، قاتلىما، قوشۇق نان، تونۇر كاۋىپى، چۆپ، ئۆگرە، سۇيۇق شورپا، قوي سۆڭىكىدىن قىلىنغان غىزا، ئۇۋا قاتارلىق قىرىق نەچچە خىل يېمەكلىك پىشۇرۇپ يېگەن. گۈنجۈت يېغى تارتىپ ئىستېمال قىلغان. بۇغداي شارابى، قولماق، ئۈزۈم شاراپلىرى، ئۆرۈك قېقى شىرنىلىرى، سىركە، قىمىز، قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قۇرۇت، ئۆرۈك قېقى، ئۈزۈم ۋاسالغۇسى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق ئىچكۈ ۋە يېمەكلىكلەرنى پىشىقلاپ ئىشلىگەن. ئۈزۈم، چىلان، ياڭاق، ئۆرۈك، جىنەستە، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى، يۇمغاقسۇت، تەرخەمەك، چامغۇر، سامساق، سەۋزە، پىياز قاتارلىق كۆكتاتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئاتا بوۋىلىرىمىز خېلى زامان ئىلگىرىلا تۆگمەندە ئۇن تارتقان، بوتقا ئىشلەتكەن، شاراپ ئىشلەپچىقارغان، ئاغامچا توقۇغان، تۇلۇم ياسىغان، پىچاق ياسىغان، تېرە ئاشلىغان، كىگىز، گىلەم توقۇغان، كىيىم تىككەن، ھەتتا يامغۇرلۇق كىيىم، جۇۋىلارنى تىككەن، توقۇغان رەخت تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ئالاھىدە بولغان، پەقەت يىپەك رەخت تۈرلىرىلا بىر قانچە خىل بولغان. يىپەكتىن يوتقان تىشى، چىمەلدىق، لىپتىك، قولياغلىقلارنى ئىشلەپچىققان. ئايالچە كىيىملەر، قىسقا چاپان، پەلەيگە ئوخشاش ھازىرقى زامان نۇۋى كىيىملەرنىمۇ ئىشلىگەن، ھەتتا دۇنيادا تۇنجى قېتىم دەزمال ئىشلەتكەن، ئۇپپا، ئەڭلىك، ياسما چاچلار ئىشلىتىلگەن، تۆمۈر تاۋلاش، قاتناش، پوچتا، ھەربىي لاۋازىمەتلەر، قورال-ياراقلار، ئوق ياساش، ئالتۇن، كۈمۈش، مىسلاردىن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشلار مۇتەرەققىي قىلغان.

دىۋاندا يەنە تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن كەشپىياتلىرىمىز ئېچىپ بېرىلگەن، دىۋاندا تېببىي ساھەدىكى ئۇن نەچچە خىل كىتاب، ئىككى يۈز نەچچە خىل دورا، ئوتتۇز نەچچە خىل كېسەل نامى، شۇنىڭدەك داۋالاش چارىلىرى، ياساش ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن. مال دوختۇرلۇق ساھەسىدىمۇ كۆپلىگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن.

دىۋاندا يەنە ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئاتابېيگىسى، چەۋگەن ئويۇنى، ھايۋان سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، توي، ئۆلۈم، مەشرەپ قاتارلىق مۇراسىم پائالىيەتلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ سۆزلەنگەن.

يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە ئايرىم سۆز ئىزاھاتى مىسالى كەلتۈرمىسەكمۇ ئومۇمەن ھەربىر ئىزاھ ھەققىدە ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزۈش توغرا كەلسە، ھەربىرىنىڭ كۆپلىگەن چوڭقۇر مەزمۇن، مەنالار ۋە پۈتۈن تۈرك مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئەقىل-پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر تۈركلىرى بۈگۈنكى كۈندە، ئەجداتلىرىنىڭ شانلىق تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەم ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ئاساسەن دۇنيادا ھېچ ئىنسان كۆرمىگەن سىياسىي، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىيەت باسقۇنىغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى جان تىكىپ قوغداۋاتقانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ. دىۋان تەتقىقاتىدا تۇنجى قەدەمنى باسقان ۋە تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قېنى بىر، يىلتىزى بىر، تىلى بىر، دىلى بىر، دىنى بىر، بايرىقى بىر بولغان تۈركىيىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ غالىبىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىپ، شانلىق، پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئورتاقلىقى ئۈچۈن زور ئۈمىتلەرنى كۈتىدۇ.

چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرگەن قامۇستۇر. سەككىز مىڭغا يېقىن سۆزلۈك، ئۈچ يۈزگە يېقىن ماقال-تەمسىل، ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كۇپلېت شېئىر-قوشاقتىن تەركىپ تاپقان «دىۋان» ئالدى بىلەن تۈركچە-ئەرەبچە سېلىشتۇرما لۇغەتتۇر.

«دىۋان» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى كىلاسسىك يازما مەنبەلەر، قەدىمى ئاسارە-ئەتىقىلەر بولۇپمۇ ئىدىقۇت خارابىسى، كەگسۇ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا، لوپنۇر، خوتەن، قەشقەر، تۇمشۇق قەدىمى جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ قەدىمى ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، شانلىق تۈرك مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى روشەن كۆرەلەيمىز. قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتىگە دائىر تام سۈرەتلىرىدە ئۈزۈمچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئوما ئورۇش، ياغۇنچاقتا ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش، بىناكارلىق، ئۆي-ئىمارەت ياساش، بېلىقچىلىق، سازچىلىق، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر، ھارۋا، كېمە، بولقۇسا، چاق ياساش، باپكارلىق دۇكانلىرى، قاتارلىق سانائەت ئورۇنلىرى، بەرباپ، غىجەك، غوكاقا، ئۇد، داپ، دۇمباق، سۇناي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى، نەيزە، ئايپالتا، قىلىچ، ئوقيا قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى كۆرۈنۈشلىرى بار بولۇپ، باشقا يەنە قەدىمى توي، دەپنە مۇراسىمى، سەپەر، شىكار، جەڭ شاراپ بەزمىسى، مۇزىكا-ئۇسسۇل بەزمىسى، قوشخانا، ئوتقول، كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۈرەتلەر بار. «دىۋان» دا يۇقىرىدىكى قەدىمى ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتى ئۆز ئەينى بىلەن يەنە بىر قېتىم پارلايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، مەدەنىيىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىل، يېزىق، مەتبەئە خاراخانىلار دەۋرىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن. ماھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تۈركلىرى بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ مۇكەممەل تىل قانۇنىيەتلىرىنى، يېزىق شەكىللىرىنى يارىتىپلا قالماستىن، بۇنى ھەتتا ئەرەپ، خىتاي تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، خەلقارا سەۋىيە ياراتقان ئىدى. پەلسەپەۋى تەتقىقاتتا دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار پەلسەپەلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ: «كىتابۇخىل ختابەت» (پەلسەپە ئىلمىدىكى ئېنىقسىزلىقلار يېزىلغان يېگىرمە توملۇق بۈيۈك كىتاپ) ئەسەرى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ماھمۇت قەشقەرىنىڭ: «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرىنى ئەڭ روشەن ئىپادە قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زىرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسى قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن....» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە قىلىدۇ.

تارىختا ئۇيغۇر تۈركلىرى ئانا تىلىنى ساقلاشتا يۈكسەك پىداكارلىق كۆرسەتكەن. مەيلى غالىپ كەلگەن، مەيلى مەغلۇپ بولغان چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى زېمىن، شارائىت ئالماشقان دەۋرلەردە بولسۇن، ۋە مەيلى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا گىرىپتار بولغان ۋاقىتلاردا بولسۇن ۋە مەيلى دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى يوق قىلىۋەتكەن بىر قانچە دىنلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان پەيتلىرىدە بولسۇن، ئانا تىلىنى تاشلىۋەتمەي، ئەكسىچە رىۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك تۈرك ئانا تىلىنى ساقلاپ قالدى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. «دىۋان» دا ئەنە شۇ تىلنىڭ جەۋھىرى بولغان خاقانىيە تىلى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇزۇن تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك يازما ئەدەبىيات، فولكلور مىساللىرى ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىيات تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئەمگەك، ئوۋ، جەڭ، پەسىل، مەرسىيە، بايرام، مۇراسىم، مۇھەببەت تېمىلىرىدىكى قوشاقلار ئارقىلىق ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى كەچۈرمىشلىرى، ساپ سەممى ھېسسىياتى ئېچىپ بېرىلگەن. ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى يەكۈنلىرى خۇلاسىلانغان.

لىمىدىلا ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. دەرۋاقە تارىخى تەرەققىيات بولۇپمۇ ئەرەپ، فارس تىللىرى تەسىرى تۈپەيلىدىن بەزى فونېمىلار، مەسىلەن: ئ تاۋۇشى قالدى. بەزى فونېمىلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى كېلىپ چىقتى.

لېكسىكا جەھەتتە توققۇز يۈز يىلدىن بۇيان بەزى سۆزلەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشى ياكى بەزى سۆز-لەرنىڭ يېڭىدىن قوشۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسلىق سۆزلەر ئۆز ئەينى ياكى ئاز فونېما ئۆزگىرىشى شەكلىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: تۇسۇن، بۆرگە، تالقان، قارغا، ئارقار، يېكەن، ئارقاغ، كۆرك، يىلغۇن (يۇلغۇن)، تىلۋە، تاۋىلغۇ (تىۋىلغۇ)، چەكۈرگە (چېكەتكە)، يورغا دېگەندەكلەر. خاقانىيە تىلى-دىكى شەخس قوشۇمچىلىرى، سۈپەت، رەۋىش دەرىجە قوشۇمچىلىرى، پېئىل دەرىجىلىرى قاتارلىق مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلىدا ئوخشاشلا ئىستېمال قىلىنماقتا.

مىللى مىراسىمىز ھېسابلانغان خەلق ماقال-تەمسىللىرى ناھايىتى ئاز پەرق بىلەن ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن: كىشى ئالاسى ئىچتىن، يىلقى ئالاسى تاشتا (كىشى ئالىسى ئىچىدە، يىلقا ئىلىسى تېشىدا)

كۆككە سۆزسە، يۈزگە تۈشەر (كۆككە تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشەر)

قىش قونۇقى ئوت (قىشنىڭ گۈلى ئوت)

قۇتسىز قۇدۇققا كىرسە، قۇم ياغار (بەختسىز قۇدۇققا كىرسە، قۇم ياغار)

ئالىمنىڭ تىل تەتقىقاتى ئۈستىدىكى ئىزاھلىرى بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت يەر-جاي ناملىرىدا ئەينەن ساقلانماقتا. مەسىلەن: ئۆرۈڭ قاش ئۆگۈز ـــــ يۇرۇڭقاش دەرياسى

قارا قاش ئۆگۈز ـــــ قارىقاش دەرياسى

مۇزئارت ـــــ (مۇزات) كۆكئارت

دېمەك دىۋان تىلىنىڭ ـ خاقانىيە تىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك ئەدەبىي تىلىدا شۇ قەدەر ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. خاقانىيە تىلى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەق-قىياتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى لازىمكى، ئۆز ھۆكمىنى ياكى تەتقىقات نەتىجى-سىنى كىتاپلارغا قاراپلا خۇلاسىلاپ ئېلان قىلماستىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى، ھەرقايسى شېۋىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خۇلاسە چىقارسا ئاندىن توغرى ھۆكۈمگە ئىگە بولالايدۇ.

## دىۋان ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتى

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تارىختا قاراخانىلار دەۋرى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن تارىختا بىر قانچە قېتىم زېمىن، پايتەخت تېگىشكەن، بىر مۇنچە دىنلارغا ئېتىقات قىلغان، بىر مۇنچە يېزىق قوللانغان ئۇيغۇر تۈركلىرى قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر بالاساغۇن، قوچۇ، باغدات قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆز مەدەنىيىتىنى يېڭىمۇ گۈللەندۈرگەن ئىدى. قەشقەردە ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتى، قوچۇدا بۇددىزم دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر تۈرك مەدە-نىيىتى ئۆز ئەكسىنى كۆرسەتسە، باغداتتا قاراخانىلار خانى تاۋغاچ قارا بۇغراخاننىڭ قىزى، مەلىكشاھنىڭ خاتۇنى-تۈركان خاتۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇيەرگە كەلگەن ئۇيغۇر-قارلۇق زىيالىلىرىنىڭ يولتۇزلىرى چاقنىماقتا ئىدى. يوقىرى تەھسىل كۆرگەن، پۈتۈن تۈرك ئالەمىنى ئايلىنىپ چىقىپ بىرىنچى قول يازما ماتېرىيال ھازىرلاپ دىۋاننى يازغان ماھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

دىۋان پۈتۈن تۈركلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئىختىسادىنى، مەدەنىي ھاياتىنى، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئىتىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپە، ئەخلاق

زىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلىدا خېلىلا ئەينەن ساقلانغان ئىدى. بولۇپمۇ لوپنۇر، خوتەن، قۇمۇل دىيالېكتىكىلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئوخشاشلىقلار بار ئىدى. دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلى خاقانىيە تىلىنىڭ باشقا تۈركى تىللاردا ھازىرغىچە ساقلانمىغان، باشقا تۈركى تىللار ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمىگەن ئىنتايىن كۆپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ، داۋاملاشتۇرغان تىل بولۇپ خاقانىيە تىلىغا ۋارىسلىق قىلغان تىلدۇر.

ھەممىگە مەلۇم، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامىدۇر. چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لۇتپى، سەككاكى، ناۋايىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلغاندا، ئالتۇن ئوردا، ئوغۇز-قىپچاق ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىللىرىغا ئايرىلغان قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىك قانۇنىيەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك ئەدەبىي تىلىدا ئۆز ئەكسىنى روشەن تاپالايدۇ. گابائىن ۋە ئام شېرباكلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا: «ئۇيغۇر، ئۆزبېك تۈرك تىللىرى شەكىللىنىش جەھەتتە ئۇيغۇر-ئوغۇز ۋە قارلۇق-ئۇيغۇر دىيالېكتلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قارلۇق-ئۇيغۇر دىيالېكتى ئۇنىڭ بىۋاستە پىروتوتىپى»دۇر. باسكاكوف: «ئون بىرىنچى ئەسىردىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى، يەنى ئۇيغۇر-قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى.» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، خاقانىيە تىلى يىلتىز جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك تىلىنىڭ رىۋاجىدۇر. چۈنكى ئۇيغۇر تۈرك خانلىرى تەرىپىدىن ئورنىتۇلغان تىرخون ئابىدىسى ۋە مۇيىنچۇر ئابىدىلىرىدە ئىپادىلەنگەن قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك تىلى-قوچۇ ئۇيغۇر تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا ۋارىسلىق بىلەن تەرەققىي قىلدى. ئالتۇن يارۇق، شۋەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى، تۇرپان قەدىم قانۇن ۋەسىقىلىرى قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلى. قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا ئىسلام ئەقىدىلىرى ئاساسىدا ئەرەب، پارس تىلى پەقەت لېكسىك جەھەتتىن ئازراق تەسىر كۆرسەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنىلا شۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك تىلىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئاخىرىدا بىۋاستە ۋارىسلىق ۋە تەرەققىيات نەتىجىسىدە خاقانىيە تىلى بارلىققا كەلدى. دېمەك قەدىمقى ئۇيغۇر تۈرك تىلى بۈگۈنكى ئۇيغۇر تۈرك تىلىنىڭ بىۋاستە يىلتىزىدۇر.

تىلشۇناس ئۇيغۇر تۈرك ئالىمى ئىبراھىم مۇتىئى ئۆزىنىڭ يىللىق تەتقىقاتىدىن كېيىن ۋە گابائىن خانىم بىلەن ئۇزۇن پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن كەسكىن قىلىپ: «تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا تۈركۈت (ئورخۇن-يېنسەي) تىلى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تىلى قەدىمقى تۈركى تىللارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار شۇ دەۋىردىكى ئورتاق يازما ئەدەبىي تىلنىڭ بىر-بىرىدىن ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدىغان ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىدىنلا ئىبارەت.» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ئىدى.

بىز ئىمدى دىۋاندا بايان قىلىنغان خاقانىيە تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ماھمۇت قەشقەرى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ə (ئە) تاۋۇشىنى e (ئې) تەلەپپۇز قىلىش ئەدەبىي تىل نورمىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈركلىرى مەن، سەن، كەلدىم، بەردىم دەپ قوللىنىدۇ. ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا كەلگەن ف، ك، پ تاۋۇشلىرى ۋ، گ، غ جاراڭلىق تاۋۇشلىرىغا ئايلانمايدۇ. مەسىلەن: ق ھەرپى بىرلا ق ھەرپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سۆزنىڭ دەسلەپكى بوغۇملىرىدا كەلگەن ئا، ئە نىڭ ئۇرغۇسىنى يوقىتىپ ئى تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىشىمۇ خاقانىيە تىلى دەۋرىدە ئانچە-مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرغان ھادىسە ئىدى. ئۇندىن باشقا ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە سۆپەتداشلاردىن غۇلۇق، گۈلۈك قوشۇمچىلىرى ھازىرغا قەدەر بارغۇلۇق، كەلگۈلۈك دېگەندەك ئەينەن ئىستېمال قىلىنماقتا. بۇ خۇسۇسىيەت باشقا تۈركى تىللاردا ساقلانمىغان. شەخس ئالماشلار كېلىشلەردە تۈرلەنگەندە ماڭا، ساڭا ئوخشاش شەكىللەرنى ئېلىشىمۇ ھازىرقى ئۇيغۇر تۈرك تى-

سى" دەمۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۇن ئالتىنچى ئەسىردە رۇس كازاكلىرى ئۇرال تاغلىرىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ سىبىرىيىنى ئاچقان. ياۋروپالىقلار سىبىرىيە ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيتتى.» رىم دىنى مەھكىمىسى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەن بىرونو قوياش مەركەز نەزەرىيىسىنى ئۇن ئالتىنچى ئەسىردىن كېيىن داۋاملاشتۇردى. كوپېرنىك، گالىلېلەر يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ۋە ھەرىكىتىنى تەجرىبە قىلدى. ماركوپولو، ماگېللانلارمۇ يېقىنقى زاماندا ساياھەتكە چىققانلار ئىدى.

ئالىم ماھمۇت قەشقەرى ياۋروپالىقلاردىن ئالتە يۈز يىل بۇرۇن سىزىپ چىققان خەرىتىسىدە يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئىلمى نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىگەن ئالىم بولۇپ، ئاسىيا خەرىتىسىنى يەرنىڭ يۇمىلاقلىق قانۇنىيىتى بويىچە سىزىپ چىققان ئىدى. ئۇ جۇغراپىيىلىك شەكىل مەۋجۇدىيەتلىرىنى ئىپادىلەشتە شەھەرلەرنى ئۈچ يۈز ئاتمىش گىرادۇسلۇق چەمبەر ئىچىگە ئالغان. دۈگىلەك يىرىم شار شەكلىدە ئاسىيانى ئىپادىلىگەن، تاغلار، دېڭىز، دەريا، كۆللەرنى ئاددى گېئومېتىرىك شەكىلدە ئىپادىلىگەن.

خەرىتىنىڭ دىئامېترى ئۇن يەتتە س م يەتتە يىرىم م م بولۇپ، قىياسەن سىزىلغاچقا ماسشتاب يوق. لېكىن قىياسلار رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتمىگەن. مەسىلەن خەرىتىدىكى قەشقەر بىلەن يەركەنتنىڭ ئارىلىقى سەككىز مىللىمېتىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى شەھەرنىڭ ھازىرقى ئەمەلى ئارىلىقى يۈز توقسەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يىگىرمە بەش مىليوندىن بىرلىك ماسشتابقا توغرى كېلىدۇ. خەرىتىنىڭ غەربى شەرقى ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇزىنچى گىرادۇستا "ھۇدۇت مىسىر" يېزىلغان. خەرىتىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى شەرقى ئۇزۇنلۇقى يۈز ئەللىك گىرادۇس ئەتراپىغىچە ئېلىنغان. جەنۇبى تەرىپى شىمالى كەڭلىك ئۇن بەشىنچى گىرادۇسقىچە ئېلىنغان. شىمال تەرىپى شىمالى كەڭلىك يەتمىش بەشىنچى گىرادۇسقىچە سوزۇلغان. بۇنىڭدىن شۇنەرسە مەلۇمكى، ئالىم ئاسىيا قىتئەسىنى ئاساسەن تولۇق سىزىپ چىققان.

ئالىم شىمالى قۇتۇپ ھەققىدە: «بۇ يەردە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھېچ كىشى تۇرمايدۇ.» ئېكۋاتور تەرەپ ھەققىدە: «بۇ يەرنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ھېچكىشى تۇرمايدۇ.» دەپ تەرىپلەپ خاتىرىلىگەن. تۇرپان ھەققىدە: «قۇملۇق جاڭگاللار، ئۇنىڭ ئاستىدا سۇ بار.» دەپ خاتىرىلىگەن. ئالىم يەنە خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيەتلەرگە قوللانغان شەكىللەرگە ئىزاھ بەرگەن. مەسىلەن: خەرىتىدىكى مايسىرەڭ شەكىلنى — دېڭىز، ئاسمان كۆك رەڭنى — دەريا، نارىنچى رەڭنى — تاغ، سېرىق رەڭنى — قۇملۇق دەپ ئىزاھلىغان. دىۋاندا يەنە قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، ئۆسۈملۈكلەر، تۆت پەسىلگە ئائىت مەلۇماتلار قاتارلىقلار ئارقىلىق خەرىتىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ بېيىتقان.

ئۇلۇغ تۈرك ئالىمى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ جۇغراپىيىشۇناسلىق، خەرىتىشۇناسلىق ساھاسىدىكى كەشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئىلمى يەكۈنى بىزگە مىللىتىمىزنىڭ ئەينى زامانلاردىكى يۈكسەك مەدەنىيىتىمىزنى، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ۋە كەشپىياتچانلىقىمىزنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقانلىقىمىزنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ماھمۇت قەشقەرى ھەقىقەتەنمۇ تۈرك دۇنياسىنىڭ پەخىرلىنەرلىك ئالىمىدۇر.

## "خاقانىيە تىلى" ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلى

دىۋاننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان مۇتەخەسسىلەر بىر ئىشقا ھەيران قالدى، تىلشۇناسلار بۇرۇن باشقا ئالىملار يىللارچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەرجىمە قىلغان تەرجىمىلەرنى ئۇلار سائەتلەردە ھەل قىلىپ چىقتى. دىۋاننىڭ فونېما سىستېمىسى، مورفولوگىيىسى ۋە لېكسىكىسى ھا-

قىسقىسىنى ئېيتقاندا مۇقەددەس تارىخىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئېتىبارسىز ۋە باشقىلارنىڭ چەكلىمىسى دائىـ
رىسىدە مەدىنىيلاپ يۈرمەكتە. بىر مۇنچىسى ھەتتا ئۆزىنىڭ تۈركلۈك شۇئارىنى يوقۇتۇپ، قەبىلىلەر نامىـ
دا ياشاشقا مەجبۇر قالماقتا ۋە ھەتتا كىملەردۇر غەيرى نىيەتتە قويۇپ بەرگەن نامىلىرىدىن پەخىرلىنىپ،
ئانا ۋەتىنىنىڭ، ئەجدادى مىللىتىنىڭ نامىنى ئاتاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالدا تۇرماقتا. تېخى شۇـ
لار يەنە ماھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى تۈرك دەپ ئاتىغان
ماھمۇت قەشقەرىنىمۇ: «تۈرك ئەمەس، بىزنىڭ ...... مىللىتىمىزدىن» دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا.
بەزى ئالىملار مۇشۇ مەخسەتتە ئۆمرىنى زايا قىلماقتا. دۈشمەنلىرىمىز بولسا «تۈركچىلىك ئىدىيىسى يېـ
قىنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان»، «پانتۈركىستلار باشقا غەرەزدىكى ئىدىئولوگلار» دەپ قارىلىماقتا.
تۈرك مىللىيەتچىلىكى دۇنيادىكى باشقا مىللىيەتچىلىكلەرگە ئوخشاش تارىخى، ئىجتىمائى يوسۇندا
تەبىئى شەكىللەنگەن مىللەت قارىشىدۇر. خۇددى ماھمۇت قەشقەرى تەكىتلىگەندەك دۇنيادا ئۇزۇن تارىخـ
تىن بىرى تۈرك مىللىتى مەۋجۇتتۇر. بۇ مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، دىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرى
مەۋجۇتتۇر. بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئەمما تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى قەبىلە، ئايماقلار
نامىدىن مىللى نام سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ياشاۋاتقان نۇرغۇن خەلقلەر مەۋجۇتتۇر. بۇلارنىڭ دىل، تىل،
دىن، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە باشقىمۇ جەھەتلەردىن بىرلىككە كېلىشى تەبىئى مىللى بىرلىك شۇئارىدۇر.
مۇھىمى تۈركچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ نوختىنى تونۇپ يەتمىگەنلىك، ئەقەللىسى ماھمۇت قەشـ
قەرىنىڭ ئىدىيىسىگە زىت ئورتىغا چىققانلىق بولۇپ، يامان غەرەزدىكى ياتلارنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيغانـ
لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ مەيلى قانداق ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە مەۋجۇت دۆلەتلەردە ياشىشىـ
دىن قەتئىي نەزەر، بىر پۈتۈن مىللى تارىخى، مىللى تىلى، مىللى مەدەنىيىتى ئۈچۈن ۋە ئۇنى ئورتاقلاشتۇـ
رۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان، تەبىئى ۋە نورمال مىللى
تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆرلىكىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كوممۇنىستـ
لار بولسا بۇ ئىدىيىدىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مىللى زۇلۇم پەردىسىنى يىرتىلىپ كېتىدۇ.
ئالىم ماھمۇت قەشقەرى بىر پۈتۈن تۈرك بىرلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۆھپىكار ئىدى.

## دۇنيادىكى يىگانە ۋە تۇنجى ئاسىيا خەرىتىسى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇن بىرىنجى ئەسىرگە قەدەر ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇر تۈركلىرى
ئاستىرونومىيە ھەققىدە خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، پەلەكبۇرچلىرى ۋە سەييارىلارنى تەتقىق
قىلغان، ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇپ چىققان ئىدى. ئالىم ماھمۇت قەشقەرى تۈركلەر ياشىغان
جايلار، قاراخانىلارنىڭ تېررىتورىيىسى، جۇغراپىيىۋى ناملار، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرى، ھەتتا
يېزا، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ، دەريالارنىڭ ناملىرىنى خاتىرىلىگەن.
ئالىمنىڭ مۇھىمى، تۈركلەر جايلاشقان كەڭ زېمىننىڭ قىياسەن خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ بىزگە
قالدۇردى. ئۇ «دائىرە» دەپ ئاتىغان بۇ خەرىتە بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمى، ئەڭ مۇكەممەل، يىگانە
ئاسىيا خەرىتىسى بولۇپ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ماھمۇت قەشقەرى يەنە جۇغراپىيە ئالىمى ۋە
خەرىتەشۇناستۇر. ئۇ تۈركلەرنىڭ پايانسىز زېمىنلىرىنى ئۇن بەش يىل كېزىپ چىقىپ، بۇ رايونلارنىڭ
جۇغراپىيىۋى ھالەتلىرىنى، قەبىلىلەرنىڭ تىلى، جايلىشىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تولۇق
خاتىرىلىگەن. مول تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىپ، تۈركلەر ياشىغان جايلارنى ۋە قوشنا ئەلـ
لەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى مەلۇماتلارنى خېلى مۇكەممەل ۋە ئىلمىي يېزىپ قالدۇرغان.
ئاسىيا ھەققىدە تۇنجى قېتىم جۇغراپىيىۋى مەلۇمات بەرگەن دەپ ھېسابلانغان "ئىۋانوپ جۇغراپىيىـ

ئىگەللەپ، خەلىپىنىڭ دىنىي داھىيلىق ئورنىنى ئالدى. ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەلىكشاھ قاراخانىلار مەلىكىسى تۈركان خاتۇن بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلك پۈتۈن تۈرك ئالىملىرىنى، ئەدىپلىرىنى بىر يەرگە توپلىدى. شۇ چاغدا قاراخانى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر تۈرك ئالىملىرىمۇ باغداتقا كەلدى

ئەڭ قولاي ئىقتىسادىي شارائىتقا ئىگە، سودىغا ماھىر، مەدەنىيەتتە يۈكسەلگەن بولغان تۈرك توپلىمى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قەدىمىي ۋە يۈكسەك ئەدەبىياتى، تىلى ئەتراپقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق ئىدى» دېگەندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

دۇنياغا داڭلىق بولغان قەشقەر «ساجىيە مەدرىسىسى» دە مۇدەررىسلىك قىلغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ تىن تەلىم ئالغان ئالىم ماھمۇت قەشقەرى ئۆز ئىجادىيىتىنى «تۈرك تىلى بىلەن ئەرەپ تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» ۋەزىيەتتە بۇ ئاتقا مىنىپ باشلىدى. ئۆز زامانىسىدا بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئەرەپ تارىخىنى، ئىسلام تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپەسىنى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئىنچىكە ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، دىۋانىدا باشتىن-ئاياق پاك ئىمانلىق مۆمىن مۇسۇلمان سۈپىتىدە ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ دىۋانىغا سىڭدۈرگەن مەركىزىي ئىدىيىسى پەخىرلىك تۈركچىلىكتۇر.

ماھمۇت قەشقەرى دىۋانىنىڭ كىرىش سۆزىدىلا شۇنداق باشلايدۇ: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى.» ماھمۇت قەشقەرى ئاللاھقا قەسىمى بىلەن بايان قىلغان بۇ سۆزىدە ئالدى بىلەن ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي جەمئىيەت ئەھۋالىنى تارىخىي نۇقتىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ تۈرك ئالىمىنىڭ زېمىندىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ تۈرك سۆيگۈسىنى ئالەمگە جاكارلىدى. ئارقىدىنلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ.» (دىۋان-كىرىش سۆزى) دېگەن ئىشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەينى زاماندا تۈرك مىللىتى ئادالەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، «ئۆزىنىلا ئەمەس باشقىلارنىمۇ قوغدىغان، باشقىلار تۈركلەرنىڭ سايىسىدا تىلەكلىرىگە يەتكەن، ياتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلانغان. شۇنداق قىلىپ تۈركنىڭ يولىنى تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ئىش بولۇپ قالغان» دېمەك ماھمۇت قەشقەرى تۈرك تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى.. ئومۇمەن تۈركلەرنى باشقىلارغا تونۇتۇش مەقسىتىدە قولىغا قەلەم ئالغان. پۈتۈن ھاياتىنى بۇ ئىجادىي ئەمگەككە بېغىشلىغان.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ماھمۇت قەشقەرى مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا تۈرك مىللىي قارىشىنى تىكلىگەن، تۈرك شان-شۆھرىتىنى تونۇغان، تۈرك بايرىقىنى كۆتەرگەن تۇنجى ئالىمدۇر. تۈرك بىرلىكى ئۈچۈن كۆرەشكەن جەڭگىۋار جەڭچىدۇر. ئۇ پۈتۈن تۈرك بويلىرىنى «ئۇلارنىڭ شەھەر-قەسەبىلىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقىپ، تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئىنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ھەربىر تىلنى دىلىغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقىپ، ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ» بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان.

تەقدىر قىسمىتى بىلەن بۈگۈنكى ھالغا كەلگەن تۈرك مىللىتى، ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا بىرنەچچىسى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرغان، بىرنەچچىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىتائىتىگە چۈشۈپ قالغان، پەقەت بىر تۈركىيىلا ھەقىقىي مۇستەقىل تۈرك دۆلىتىنى يىقىتماي ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن مىللەت ئەسلىنى، نەسلىنى ئۇنۇتقان ھالدا، پۈتۈن دۇنيادا چېچىلىپ ياتقان نەرسىدەك، ئۆزىنىڭ شۆھرىتىنى،

# ماھمۇت قەشقەرى، دىۋان لۇغەت تىل تۈرك

# ۋە

# شەرقىي تۈركىستان

## ماھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈركچىلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

ئاتاغلىق ئۇيغۇر تۈرك ئالىمى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆچمەس ئەسىرى دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك، ئونىنچى ـ ئون ئىككىنچى ئەسىرلەردىكى قاراخانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئىختىسادى ۋە يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنى نامايەن قىلغان ئەسەر بولۇپلا قالماستىن ئەڭ مۇھىمى تۈنجى قېتىم تۈركچىلىك شۇئارىنى ئىلمى شەرھلىگەن يۈكسەك مىللى ئىپتىخارىنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

839 ـ يىلى قارابالغاساغۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر تۈرك قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن «قوچۇ ئۇيغۇر تۈركلىرى» ۋە «كۆكئارت ئۇيغۇر تۈركلىرى» نامىدا ئىككى بۈيۈك دۆلەت قۇرغان ئىدى. دۇنخۇاڭدىن كۇچارغىچە بولغان رايونلاردا سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر تۈرك خانزادىلىرىدىن يۇرۇنتېكىن قوچۇنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. بۇ خانلىقتا «جەنۇبى تۈرك، شىمالى تۈرك، چوڭ ـ كىچىك جۇگيۈەن، ياغما، قارلۇق، قىرغىز، مومانقۇت، يۇرۇن قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى.» (سۇڭ سۇلالىسى تارىخى ـ قوچۇ تەزكىرىسى) ئۇنىڭ بەشبالىق، قوچۇ قاتارلىق مەركىزى شەھەرلىرى، چانبالىق، ياڭى بالىق، سولمى، ئىۋىرغول (قومۇل) قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئىپەك يولىدىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىختىسادى ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە گۈللەندى. ئىدىقۇت ئىلىم ئەھلىلىرى توخار، سانسكرىت تىللىرىدىن مەشھۇر بوددا نوملىرىنى، ئەدەبى ئەسەرلەرنى، پەلسەپە، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە يېزىپ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر تۈرك مەدەنىيىتى ئاساسىدا دۇنياۋى سەۋىيىگە يارالتتى.

840 ـ يىلىدا ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تاشقى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغما، قارلۇقلار ئىلى رايونىدىكى يولتۇز، يەتتەسۇ، چۇ رايونلىرىدا بالاساغۇننى مەركەز قىلغان دۆلەت قۇردى، كېيىنچە قەشقەر مۇھاكىمىيەتكە تەۋە بولدى. خاقان ئوغۇلچاق دەۋرىدە قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ قاراخانىلار دۆلىتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ تەركىۋىدە كۆكئارت ئۇيغۇر تۈركلىرى (جۈملىدىن ياغمىلار، قارلۇقلار)، چىگىل، چىگىللەر، باسمىل، توخسى، چارۇق، چۇمۇل، تۈرگەش، قىرغىز قەبىلىلىرى بار بولۇپ، سوغداقلار، كەنچەكلەر، ئىران شىۋىسىدىكى خەلقلەرمۇ بار ئىدى. قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ـ خاقانىيە ئۆلكىسى بولۇپ، سەمەرقەنت، تالاسنى مەركەز قىلغان ۋە خوتەننى مەركەز قىلغان ئىلىك خانلىقلار ئۇنىڭ تەۋەلىگىدە ئىدى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىلا (ئالتىنچى ئەسىرنىڭ ئىلگىرى) «قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىلى بەش چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئىگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى.» (سۈي تارىخى ـ غەربى ئەل تەزكىرىسى) بالاساغۇن «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر ئىدى.» (مەقدىسىنىڭ ئونىنچى ئەسىردىكى مەلۇماتى) بۇ شەھەر قاراخانىلارنىڭ "تەسكەي ئوردا" سى ـ يەنە بىر پايتەختى ئىدى. (دىۋان فاكسىمىل يەتمىش تۆتىنچى بەتتە)

يوقۇرىدىكى ئىككى دۆلەتنى پەرقلىرىگە قارىماستىن شەرقتە قىتاندىن غەرپتە ئىران، ھىندىستان، ئەرەپ، شەرقى رومالارغا قەدەر بولغان يىپەك يولىنى ئىچىپ، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى.

غەربى ئاسىيادا ئىسلام ئەرەپ ئىمپىرىيىسى «... مەرۋىلىكلەردىن (تۈركلەردىن) ئۆزىگە قوشۇن تەشكىل قىلدى.» (يىڭى تاڭنامە ئىككى يۈز يىگىرمە بىرىنچى بەت) شۇندىن تارتىپ ئوغۇز تۈركمەنلىرى ئىراق، شام، كىچىك ئاسىياغا كۆچتى. ئۇلار قۇرغان سالجۇقىلار دۆلىتى خەلىپىلىكنىڭ ئەمىلى ھوقۇقىنى

تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىپ خىتاي فاشىستلىرىغا قارشى قىساسكار روھىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە. 1987- ۋە 1989-يىلى ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىككى يۈز قېتىملىق ئالتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىلغان.

بۇلاردىن باشقا سەكسەنىنچى يىللىرى يۈز بەرگەن قاغىلىق «قوتاز ۋەقەسى»، «قەشقەر ۋەقەسى»، ئاقسۇ «يولۋاس ۋەقەسى»، توقسۇ «مىچىت ۋەقەسى»، ئاتۇش «بىرىنچى ئورتا ۋەقەسى»، توقسەنىنچى يىللىرى يۈز بەرگەن قورغاس «قاتىل خىتايىنى ئىزدەش ۋەقەسى»، توقسەن ئۈچىنچى يىلىدا قەشقەردە ئون يەتتە قېتىملىق چوڭ-كىچىك پارتلاش ۋەقەلىرى، بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا ئۈرۈمچى سايىۋاغ رايونى سوت مەھكىمىسىنىڭ قۇراللىرىنى بۇلاش ۋەقەسى، يەتتىنچى ئايدىكى ئاقسۇدىكى ئۈچ چوڭ پارتلاش ۋەقەسى قاتارلىقلار خەلقىمىزنىڭ خىتاي باسمىچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق يولىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ دەلىللىرىدۇر.

ئومۇمەن جەسۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىرىق بەش يىل ئىچىدە، مىللىي مۇستەقىللىقى، ھۆرىيىتى ئۈچۈن يۈزلەرچە قېتىم قوراللىق ئىنقىلاب ھەمدە سىياسىي كۆرەشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئونمىڭلىغان، يۈزمىڭلىغان قەھرىمانلىرىمىز قۇربان بەردى. ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن مۇھىم شەرەپلىك سەھىپىلەرنى ئاچتى. خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۆرەشلەردە بەش يۈز يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق شېھىت بولدى.

دېمەك يۇقارقى پاكىتلار شۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىرىق بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىر كۈنمۇ ئۇخلاپ قالغىنى يوق. مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان، قان تۆكمىگەن بىر كۈنى يوق. دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان خەلقىدەك ئۆز ئىستىقلالى، ھۆرىيىتى ئۈچۈن كۆپ قوزغالغان، كۆپ قۇربان بەرگەن بولسىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىغا، ئۆز ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمەي مەھكۇم ھالدا ياشاۋاتقان بىرمۇ مىللەت بولمىسا كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شۇ قەدەر ئىنقىلاپلارنى قىلىپ، شۇنچىلىك قۇربانلارنى بېرىپمۇ يەنىلا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قوزغىيالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى نېمىلەر؟

بۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ئىچكى-تاشقى مۇرەككەپ سىياسىي ئامىللار ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئاساسلىق تۆۋەندىكى تەرەپلەر مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن:

بىرىنچى. ئىنقىلابلارنىڭ كۆپ قىسمىغا سىستېمىلاشقان، توغرا ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، مەلۇم ئىنقىلاب تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بېرەر سىياسىي تەشكىلات، پارتىيىلەرنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلمىغانلىقى.

ئىككىنچى. ۋەتەن سىرتىغا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چىقىپ كېتىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دەرنەك، تەشكىلات، گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا بولىۋاتقان خەلق قان بەدىلى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلەردىن خەۋەرسىز قېلىپ ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يېتەرلىك دەرىجىدە، توغرا يۆلىنىشتە بىلدۈرەلمىگەنلىكى، كەڭ تەشۋىق قىلالمىغانلىقى قىسقىسى پائالىيەت ۋە تەشۋىقات كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى.

ئۈچىنچى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەنگلىز، فرانسۇز ۋە باشقا مۇستەملىكىچىلەردەك بىر مەدەنىي مىللەت بولماي، دېموكراتىيە، ھۆرلۈك چۈشەنچىلىرى بۇ مىللەتنىڭ روھى دۇنياسىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان غەيرىي ئۇقۇم بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ تارىخى فىئودال ئۆچمەنلىكتىن باشقا ئىدىيولوجىسىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان.

ئاخىرى 85- بەتتە

تۈركىستان ياشلىرىنىڭ دېموكراتىك پائالىيەتلىرىمۇ كۈچلۈك قانات يېيىشقا باشلىدى. ياشلار دەر-ھال «ئالىي مەكتەپلەردە ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىپ «مىللىي پارلامېنت قۇرۇش»، «پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى تۇرۇش»، «ياشىسۇن ئىسلام ئىنقىلابى»، «ئالىي مەكتەپلەرنى قۇراللىق ئىدارە قىلىشقا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق يىگىرمە بىر ماددىلىق پىروگرامما تۈزۈپ چىقىپ، ھۆكۈمەتكە سۇنۇپ بۇ ماددىلارنى ئىجرا قىلىشقا قىستىدى. كۆپ قېتىم ئوچۇق ۋە مەخپىي خەت يېزىپ، مىللىي كەمسىتىش خاھىشلىرىنى پاش قىلدى.

1989-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «جىنسىيەت ۋە ئەنئەنە» ناملىق رېئاكسىيون كىتابقا قارشى نامايىش قوزغىدى. 19-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان كوچىغا چىقتى، سەپ كېڭىيىپ ئونمىڭدىن ئېشىپ كەتتى، مۇسۇلمان ياشلار پارتكوم، ھۆكۈمەت بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئەسلىھەلىرىنى، ماشىنىلارنى پاچاق-لاپ تاشلىدى. بىر قانچە قاتىل ساقچىلارنى، ئەسكەرلەرنى تۇتۇپ كېتىپ سوتلىدى. خىتاي كوممۇنى-ستلىرى قوراللىق قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر كېچىدىلا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئامم-سىنى تۇتۇپ قامىدى، قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىپ، ۋەھشىلەرچە جازالاپ پاش قىلىشقا زورلىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە ئونبىر ياشلىق ۋە ئون تۆت ياشلىق ئاچا-سىڭىل ئۇيغۇر قىزلىرى بولۇپ، زا-لىم خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بۇ نارىسىدە قىزلارنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ قىيناپ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى-غا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار خەلق قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز غەزەپ، قىساس پەيدا قىلدى.

1990-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ بارىن شۆبىسىنىڭ قوزغىغۇچىسى زەيدىن يۈسۈپنىڭ يې-تەكچىلىكىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار دەسلەپ قورال-ياراق يا-ساش، جەڭ ئۈچۈن ئات سېتىۋېلىش، ئەسكىرى مەشىق قىلىش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، باشقا ۋىلا-يەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، شۇ كۈنى ئونمىڭدەك ئادەم قولىغا مىلتىق، بومبا، كەتمەن، ئوغاق، بولقىلارنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە باستۇرۇپ كىردى. تۆت كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ئۇرۇشتا خىتاي قوشۇنلىرى تەڭ كېلەلمەي، سىرتتىن نۇرغۇن ئەس-كەر يۆتكەپ كەلدى، زامانىۋى قوراللانغان نەچچە يۈزمىڭ خىتاي قوشۇنىغا خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى پېڭ، جاڭ زېمىنلار، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ خۇاچىڭلار قوماندانلىق قىلدى. ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇشتا خىتاي ئارمىيىسى ئىككى يۈزدەك جەڭچىمىزنى شېھىت قىلدى. يېزىدىكى بىگۇناھ ئاياللارنى، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىمۇ قىرغىن قىلدى. نۇرغۇن قەيسەر ئىنقىلاپ-چىلىرىمىز ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ قەتئىي باش ئەگمىدى. خىتايلار ئۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرىنى ئېتىپ تاشلىدى. قالغانلىرىنى مۇددەتسىز، ئۇزۇن يىللىق قاماققا ئالدى. لېكىن «خىتاي كومپارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» تىن ئىبارەت سىياسىي پىروگ-راممىلىق، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىق بۇ ئىنقىلاپ خەلقنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى، ئىشەنچىسىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كەڭ كۆلەمدە جاكارلىدى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە خەلقنىڭ جىددى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاتتى.

دۈشمەن قانچە ۋەھشىي ۋە غالجىرلاشقان بولسىمۇ، باتۇر شەرقىي تۈركىستان خەلقى قىلچە باش ئەگ-كىنى يوق. خەلق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شوئار يېزىپ چاپلاش، تەشۋىقات ۋاراقلىرى بېسىپ، تارقىتىش، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاشكارا سۆزلەپ مىللىي ئويغۇنۇش ئېلىپ بېرىش، كىتاب، ماقالا يېزىش، يوشۇرۇن ھالدا ھۆكۈمەت بىنالىرىنى، ماشىنىلىرىنى، غالچا ئە-مەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىنى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىلىرىنى پارتلىتىش، پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى

چىقىپ نامايىش قىلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىگىنى نامايەن قىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىش
سىياسى پىراگراممىسى: شەرقىي تۈركىستاندا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش، يادرو ئاتوم سىنى-
غى ئېلىپ بېرىشنى توختىتىش، كۆچمەن كۆچۈرۈشنى چەكلەش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى
ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىش، مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇش، مىللىي مائارىپنى ھەقىقىي رىۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىستەكلەر پۈتۈن شەرقىي تۈرك-
ستان خەلقىنىڭ، شۇنىڭدەك دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ ۋەتەن تۇپرىقىدا غا-
يەت زور ئويغىنىش پەيدا قىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن داۋاسىدىن
ۋاز كەچمىگەنلىكىنى دۇنياغا جاكالىدى. بۇ دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا ھەرقايسى ئا-
لىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، شەھەر-يېزىلاردا ياشلار ھەرىكىتى كۈچلۈك رىۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئارقا
ئارقىدىن بىر قانچىلىغان ئاممىۋى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. 1985-يىلى ئۈرۈم-
چى ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلغان «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى ئىجادىيەت ئويۇشمىسى»، بەش ئالىي مەكتەپ
تە قۇرۇلغان «ئوقۇغۇچىلار پەن-مەدەنىيەت ئويۇشمىسى»، «ئىزدەنگۈچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى»،
«جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» قاتارلىق تەشكىلاتلار جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى كۆ-
تۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مىللەتنىڭ ئويغىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. «پەن-مەدەنىيەت ئويۇش-
مىسى» ئون ئىككى شۆبە ئويۇشما ۋە بەش قېرىنداش ئويۇشما تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، سەنئەت ئۆمەكلى-
رىنى تەشكىللەپ، تارىخىي درامىلارنى قويۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ئۇرۇغىنى چاچتى.
تەتىللەردە ۋەتەننىڭ كەڭ يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ، ئېچىنىشلىق مىللىي مائارىپ ئەھۋاللىرىنى،
تۇرمۇش ھالەتلىرىنى تەكشۈرۈپ سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بېسىم ئىش-
لەتتى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، ساختا تەشۋىقاتنى پاش قىلدى. جەمئىيەتكە مىللەتنى خاراپ-
لاشتۇرۇشقا سەۋەپ بولىۋاتقان، زەئىپ مىللىي مائارىپنى قۇتقۇلدۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردى.
بۇ بىر قاتار كۆرەشلەر خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاتوم-يادرو سىنىقىنى، پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىنى،
كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ توختىتىشقا، دېموكراتىيىگە، مىللىي مائارىپقا يالغاندىن بول-
سىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى. دېكابىر ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان بۇ پائالىيەتلەردىن ئۈچ يىل ئۆ-
تۈپ، 1988-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى «مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى»
ئېچىلىپ، ئىككى كۈن ئۇدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا ئۈرۈمچىدىكى تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. تويۇقسىز ئېتىلغان بۇ ۋولقان خىتاي كوممۇنىستلىرىنى پاي-پېتەك
قىلىۋەتتى. شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ قەيسەر، تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان بۇ ئىن-
قىلاپ دېموكراتىك كۆرەشنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى. ئۇنىڭ پىراگراممىسى ئىنسان ھەق-
لىرىنى تەلەپ قىلىش، مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش، خاراپلىشىپ كېتىۋاتقان مىللىي مائا-
رىپىمىزنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەپلەر گەرچە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقلىرىگە ئۇيغۇن بول-
غان، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە نەشتەردەك
سانجىلدى. ئۇلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. شۇڭلاشقا تەركىۋىدە قۇراللىق ساقچىلارمۇ بولغان تۆت
يۈز كىشىلىك دېكتاتورا گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، جخ ئىدارىسىدە مەخسۇس باشقارما قۇردى ۋە ھەرىكەت-
كە يېتەكچىلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت قىلدى. سىياسىي تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئوقۇغۇچىلار
ھەرىكىتىنى چەكلەش، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ساقچى، دېكتاتورا ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىيا-
سىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ناھىيە دەرىجىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنى قۇردى. بۇ
خىل بېسىم كۈچەيگەنسېرى، دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرىۋەردى.
1989-يىلى 4-ۋە 5-ئايلاردا خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتى باشلىنىشى بىلەن تەڭ شەرقىي

زاسى بىرىش ھوقۇقى بىرىلدى . ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىدىن ئىمىنوپ باشچىلىقىدىكى ئوتتۇز كىشى 1970 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (ئىلى، چۆچەك قىرغىنچىلىقى كۈنىگە توغرىلاپ) ئۇرۇمچىدە ئاشكارا سوت ھۆكۈمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى دىگەن نام ئاستىدا خەلق ئالدىدا ئىتىپ تاشلاندى . (ئىمىنوپ دوختۇرخانىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى) . نۇرغۇن مۇنەۋۋەر خىپچىلارنى تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈردى . تالاي بىگۇناھ كىشىلەر ئون يىللاپ ھېچ سوراقسىز تۈرمە لاگىرلىرىدا ياتتى . كوممۇنىستلار ئەجداتلىرىمىزنىڭ «مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ يولۋاسنى قورقۇتۇش» تاكتىكىسىنى ئاشكارا ئىلان قىلىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلدى . گەرچە تارىخىي پەيتنى كەتكۈزمىگەن بۇ ئىنـقىلاپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاپ روھىنى، ئىستىقلال غايىسىنى، تەشكىلاتچانلىقىنى، ئىتتىپاقلىق كۈچىنى بىر قېتىم جاكالىدى، خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئۈممىت، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى . كوممۇنىست كۈچلەرگە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى قاتتىق ئالاقزادىلىككە سالدى . شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھىلىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلمەكتە .

1980 ـ يىللارغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى . پارتىيە، تەشكىلاتلار ئالاھىدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى . مىللىي ئازاتلىق، مىللىي دېموكراتىك ۋە مىللىي ئويغىنىش كۈرەشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يېيىش، رىۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى . شۇ يىلى قىشتا خىتايلار تەرىپىدىن قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتۈرگەن غەزەپلەنگەن نەچچە مىڭ ئىشچى ئۇرۇمچى كوچىسىدا «قانغا ـ قان، جانغا ـ جان» دەپ توۋلاپ نامايىش قىلدى . نامايىشقا ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى قوشۇلدى، ئۇلار پارتكوم بىناسىغا قەدەر بېسىپ كەلدى . غەيرىي قانۇنلۇق ئىلىپ بېرىلغان بۇ نامايىشنى كوممۇنىستلار باستۇرۇشقا پېتىنالمىدى . خەلق ھۆكۈمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش پۇرسىتىنى ياراتقان بۇ دېموكراتىك كۈرەش ئاساسقانۇنى ئۆزگەرگەنگە قەدەر داۋام قىلدى .

1981 ـ يىلى پەيزىۋاتتا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ئىسلام پارتىيىسى شۆبىسىنى تەشكىللەپ، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئوق، دورا غەنىيمەت ئالدى . ئەپسۇسكى خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن مۇجاھىتلار قورشاۋدا قىلىپ ئىنقىلاپ خىتايلارنىڭ قوربانىغا ئايلىنىپ كەتتى .

بۇلاردىن باشقا 1981 ـ يىلى قاغىلىقتا يۈز بەرگەن «ئون ئىككىنچى يانۋار ۋەقەسى»، قاغىلىق تەڭرىتاغ پارتىيىسى، 1983 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ياش ئۇچقۇنلار پارتىيىسى . . . قاتارلىق بىر قاتار ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى (خىتايلارغا مەلۇم بولمىغانلىرى تىلغا ئېلىنمىدى) . بۇ پارتىيە، تەشكىلاتلار مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش پىروگراممىسى ئاستىدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى . ئەجداتلىرىمىز ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى . بولۇپمۇ سەكسەنىنچى يىللارغا كەلگەندە، يېڭى بىر دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى . دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك رەۋىشتە تەرەققىي قىلىشى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى .

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يۈز بەرگەن شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىش قىلىش ھەرىكىتى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دېموكراتىك ھەرىكەت بولدى . بۇ ھەرىكەت شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك ھەرىكىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى . دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى . شۇ كۈندىن بىر ھەپتىگە قەدەر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردە ئون بەش مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى كوچىلارغا

كىلاتىشغا ئەرز» قاتارلىقلارنى ئىلان قىلدى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قارىقاش ناھىيىسىدە مابقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا باشچىلىقىدا
قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى تارىم ۋادىسىدىكى خىتايلارنىڭ
قوراللىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.
ئاخىرىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق جەڭچىمىز قۇربان بولدى.

1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا لوپنا ناھىيىسىدە مىر مەلىك ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئىنقىلابچى ئابدۇقادىر
باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغالدى.

1957 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى مىللىي ئاتلىق پولكى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋات ـ
قاندا پاش بولۇپ قىلىپ، جەڭچى، ئوفىسېرلار تۇتقۇن قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيى ـ
سىنىڭ قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان مۇنەۋۋەر ئەزالىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كوكتوقاي، چىڭگىل، بەشبالىق ئەترابلىرىدا جەمشىتقان، دەلىلقانلار
يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قومۇل ناھىيىسىنىڭ تەگرىتاغ رايونىدا ئىلى قۇربان بىلەن سىيىت باش ـ
چىلىقىدا يەتتە مىڭ جەڭچى قاتناشقان قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار رايونلۇق ھۆكۈ ـ
مەتكە ھۇجۇم قىلىپ، ئوق ـ دورا، نەق پۇل غەنىمەت ئالدى. تېلېفون، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ تاش ـ
لاپ، تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ مەھبۇسلارنى قويىۋەتتى. كوممۇنىستلارنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

1962 ـ يىلى خەلق پارتىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوراللىق كۆرىشى« زەنجىر سىمان تەشكىلات
نى تارمار قىلىش» ھەركىتىدە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. كۆپ كىشىلەر قولغا ئېلىندى.

1969 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىست كۈچلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ۋە تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرى ـ
غان شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پروگراممىسى
ئېنىق بولغان، پائالىيەتلىرى ئەنسىستېمىلىق، تەشكىللىك، ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەرنى ئەكمالاش ـ
قان، ئىنقىلاب پروگراممىسى، ستراتېگىيىلىك پىلانلىرى مۇكەممەل تەرەققىي قىلغان پارتىيە ئىدى.
بۇ پارتىيە يەتمىش سەككىز ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇردى. دائىرىسى ئون ئىككى ۋىلايەت ئوبلاس،
شەھەرگە يېگىرمە ئىككى ناھىيىگە كېڭەيگەن بولۇپ، ئەزاسى ئاتمىش مىڭ كىشىدىن، ئىشتىراك قىلغۇ ـ
چىلار ئۈچ يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشقان ئىدى. پارتىيەنىڭ ئاساسىي تايانچلىرى زىيالىلار، ئوتتۇرا، يۇقى ـ
رى دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپ، ئەزالىرى ئىشچى، خىزمەتچى، دېخان، چارۋىچى، ئاھالىلار ئىدى.
خەلق پارتىيىسى سىستېمىلاشقان ئىنقىلاب پىراگراممىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز پائالىيەتلىرىنى
كۈچلۈك قانات يايدۇردى. ئىنقىلابچى شەرتشارائىتلىرىنى ھازىرلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈننى چوڭ ئىنقىلابنىڭ پارتلاش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىچ ـ
كى ـ تاشقى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ماسلىشىش ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە زىچ ئالاقىلاشتى.
ئەپسۇسكى، ئىچكى ـ تاشقى خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن
خىتاي كوممۇنىستلىرى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. قوماندانلىق شتاب باشچى ـ
لىقىدا ئىمىنوپ قاتارلىق ئوتتۇز ئىككى مىڭ كىشى قولغا ئېلىندى. قەشقەر ئىلنىيىسىدىكى ئاخۇنوپ،
مىجىت قاتارلىقلار مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچلۈك ئارمىيىسى بى ـ
لەن كەسكىن جەڭ قىلدى، بىرھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا مۇجاھىتلار نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرىنى
يوقاتقان بولسىمۇ، باش ئەگمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ قانلىق قىرغىنى ـ
چىلىغى ۋە ۋەھشىلەرچە باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاخۇنوپ، مىجىت قوماندانلار شېھىت بولدى. تۇت ـ
قۇن ۋە ئاختۇرۇشلار ئالتە ئاي داۋام قىلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ھەتتا ناھىيىلەرگىمۇ ئۇلۇم جا ـ

1949 - يىلى 8 - ئايدا ئالتاي ئەتراپىدىن چېكىنىپ بەشبالىق (گۈچەڭ) شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئوسمان باتۇر، جانىمقان، زاكىرقان، دەلىلقان، ئورازباي موللا، شايىمەردان قاتارلىق غازاتچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ئۈرۈمچى تەرەپكە، بىر قىسمى قومۇل بارىكۆل تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. 1950 - يىلى 4 - ئايدا قومۇلدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن ئوسمان باتۇرنىڭ مۇجاھىدلىرى ئۇچرىشىپ، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئىككى يىل داۋام قىلغان بۇ شانلىق ئۇرۇشتا ئۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى يوقىتىلدى. كۆپ ساندىكى جەڭچىلىرىمىز شېھىت بولدى. قوزغى- لاڭنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن ئوسمان باتۇر - شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، قەيسەر ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ بىرىسىدۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ۋەتەن ئازاتلىقىغا، مىللىي مۇستەقىللىققا بېغىشلانغان شەرەپلىك ھاياتتۇر. ئۇ زالىم شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە، گومىن- داڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، روس كوممۇنىستلىرىغا ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى ئاخىر- غىچە ئىرادىسىنى بوشاتماي، ھىلە-مىكىرلەرگە ئالدانماي، باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. پۈتۈن ئائىلە بويىچە ۋەتەن يولىدا ھاياتىنى شېھىت بەردى. 1951 - يىلى 2 - مايدا ۋەھشى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەلقنى توپلاپ ئوسمان باتۇرنى قانلىق قەتلىئام قىلدى. ئوسمان با- تۇرنىڭ شېرىدىمان قاتارلىق ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇزاققىچە قوراللىق كۆ- رەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۈرۈمچى ئەتراپىدا سىدىق، ئورازباي، مورى، بەشبالىق ئەتراپىدا مالىك، تالىم، جانبۇلايلار كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. كوممۇنىستلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئىسلامىيەتنى قوغداش مەخسەت قىلىندى.

1951 - يىلى ئىلى رايونىغا مەركەزلەشكەن زىيالىلار «ئەللىك بىر چىلەر قورۇلتىيى» ئىچىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن مۇستەقىللىق داۋا قىلدى ھەمدە ئەسلىدىكى مىللىي ئارمىيەگە بىسىم ئىشلىتىپ قوراللىق كۈرەشكە ھازىرلىق كۆرۈشنى چاقىرىق قىلدى. بۇ سەۋەپتىن بىر مۇنچە غا- زىلار يوشۇرۇن قولغا ئېلىندى.

1953 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن يېزىلىرىنى قاپلىغان قوراللىق قوزغىلاڭ جاللات ۋاڭ جېننىڭ قانلىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. نەچچە يۈز مىڭ زىيالىي، دىنىي زاتلار تۇتقۇن قىلىندى. بەزى يېزىلار قارا - قويۇق ئوققا تۇتۇلدى. ئىككى قولى قانغا بويالغان ۋاڭ جېننى خىتايلار مەركەزگە يۆتكەپ كەتتى. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە خەلق پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى ھەمدە ئۆلتۈرۈلدى. چىڭگىز داموللام، ئەسھەد دۇللا داموللام، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن يىتەكچىلەر ئۆلتۈرۈلدى ياكى تۈرمىگە تاشلاندى.

1954 - يىلى 12 - ئايدا خوتەننىڭ ئاتچۇي كەنتىدىكى نىيازبەگ ھاجىنىڭ ئۆيىدە ئابلىمىت داموللام، پەتتەھدىن مەخسۇم قاتارلىقلار «تەشكىللى نىجات پارتىيىسى» نىڭ قورۇلتىيىنى ئىچىپ، 1955 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىنى ئالدى ھەمدە ۋاقتىدا كۆتۈرۈلۈپ، ئاتچۇي تۈرمىسىنى ئازات قىلىپ مەھبۇسلارنى قويىۋەتتى. خوتەن شەھىرىنى پەتتى قى- لىش ھارپىسىدا خائىنىنىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئىنقىلاپ قانلىق باستۇرۇلدى. رەھبەرلەر ئۇزۇن يىللارغىچە خەلق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ كېيىن خىتايلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. بۇ ئىنقىلاپ گەرچە قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. خەلقىنىڭ قەلبىدە يېنىۋاتقان ئىنقىلاپ ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. خەلققە ئۈمىت، ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۇ ئىنقىلاپنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى: «قوراللىق ئىنقىلاپ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» بولۇپ، شورانامىدا ژۇرنال نەشىر قىلدى. «مۇس- تەقىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «ياشلارغا مۇراجەت»، «بىرلەشكەن مىللەتلەر تەش-

## شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ

# خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى

دولقۇن ئەيسا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قۇرۇلغان قەشقەرىيە دۆلىتى ( 1864 -يىلى) شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ( 1933 -يىلى)، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ( 1944 -يىلى) قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاي ئىمپېراتورلۇقى ۋە رۇس ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئالدامچىلىق قىلىشى، سېتىشى، ھەربىي جەھەتتە قانلىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن 1949 -يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق سىياسىي تارىخنى باشلىدى.

دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىك روللارنى ئوينىغان، ئىنسانىيەت ئالەمىگە مەدەنىيەت تارقاتقان مۇقەددەس زېمىن — شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن ئىگىسى بولغان، تالەيسىز ئەمما جەڭگىۋار شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ پاك زېمىنىنى — ۋەتىنىنى مۇستەبىت، جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ناپاك تاپانلىرى بىلەن بۇلغىنىشىغا، نابۇت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرغىنى يوق. بۇ قىسمەتلەرگە باش ئەككىنى يوق. خەلق زالىم خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى يۈزلەرچە قېتىم قوزغىلىپ، مىليونلارچە ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى ۋەتەن ئۈچۈن ئاقتى.

1949 -يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تا بۈگۈنگىچە ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يېنىۋاتقان ئىنقىلاب ئوتلىرى بىر كۈنمۇ ئۆچكىنى يوق. قىرىق بەش يىل جەريانىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە سىياسىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى.

مەن تۆۋەندە قىرىق بەش يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن كۈرەشلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر چوڭراق بولغان بىرقانچە ئىنقىلاب ھەققىدە توختىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەرياندا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇخلىدىمۇ-يوق؟ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىمۇ-يوق؟ قانلار تۆكۈپ قۇربان بەردىمۇ-يوق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمەن.

1949 -يىلى 13 -ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، خىتايلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە كۈچلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى، شۇ ئايدا قومۇل ئاراتۈرك ناھىيىسى ئەتراپىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق پەھلىۋانلار توپلىنىپ، كوممۇنىست ئەسكەرلىرىگە قارشى غازات ئېلان قىلدى ۋە ئەتراپقا خەۋەرچى ئەۋەتىپ بۇ يەرگە يىغىلىپ ئۇرۇش باشلاشنى ئۆتتۈردى. 1950 -يىلى 1 -ئاينىڭ 30 -كۈنى ئاراتۈرك بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە كېڭەش باشلىقى ناسىر، ئابدۇللا ھاكىم، ئەبەيدۇللا ھاكىم، مامۇت، ھاپىز، سەيدۇللالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يۈز نەپەر پەھلىۋان كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە كوممۇنىزمغا قارشى خەلق ئەترىتى تەشكىللەتتىنى قۇردى. شۇ كۈندىن باشلاپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇملار باشلاندى. بۇ ئۇرۇش ئىككى يىل داۋام قىلدى.

1950 -يىلى 1 -ئايدا قالىبەك باشچىلىقىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن غازاتچى ئۈرۈمچى تاغلىق رايوندا توپلىنىپ، كوممۇنىستلارنى تۇسۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پىراگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە دەرھال قارشىلىق ئۇرۇشلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئۇرۇش يىل ئاخىرىغا قەدەر بولدى.

مۇسۇلمان تۈركلەرگە قارشى قوپال مۇئامىلە تارىختىن بويان قوللىنىلىۋاتقان سىياسەت، 1873-، 1933-، 1944- ۋە 1962- يىللاردا قىرغىنچىلىق بىلەن ئايانلاشقان چولقۇۋەتلەر بولۇپ ئۆتكەن. شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى بىر تارىخ پىروفېسسورى ئىسلام ئىلغارلىقى ھەققىدە ئەسەر نەشر قىلدۇرغىنى ئۈچۈن ئېغىر مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. 1990-يىلى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكى ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە خەت يازغان بىر مەكتەپ مۇدىرى قولغا ئېلىنغان.

1992-يىلى ئون ئۈچىنچى نويابىر خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بەش يىلدىن بېرى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن سىستېمىلىق ھالدا تۈرمىگە تاشلاش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنغانلىق ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ئىدى. 1989-يىلى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ «يىراقتا بىر ئاق ئۆي بار»، «جىنسىيەت ۋە ئەنئەنىلەر» قاتارلىق ئىككى كىتابقا قارشى نامايىشى بولۇپ ئۆتتى.

خىتايلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئۆتۈپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىر قاتار كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. ئۈرۈمچى پۈتۈن ساھەلەردە چەتئەل دەسمايىسىگە ئېچىۋېتىلدى. ئايدوروم خەلقارا لىنىيىگە كۆتۈرۈلدى. باشقا بەزى دۆلەتلەرگىمۇ ئۇچۇش تەدبىرلىرى پروگراممىلىنىۋاتىدۇ. قازاقىستان بىلەن تاشيول، ھاۋا، تۆمۈريول ۋە تېرويبا يوللىرى ئېچىش مەخسىدىدە كېلىشىۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلەردە بولىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن ئالاقىدار بولىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا تۈركىيە، ئىران، پاكىستان، ئافغانىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئازاربايجانلار ئارىسىدا قۇرۇلغان ئىقتىسادى ھەمكارلىق تەشكىلاتى (ئىكو) ۋە تەشكىلاتنىڭ ئورتاق بانكا ئېچىشتەك پائالىيەتلىرى بەكمۇ يېقىندىن ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىزدىنىلىۋاتىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئىكونىڭ، بىر يېرىمىقتا ئۆزۈن تەكىتلىگىنىمىزدەك ئاخىرقى يىللاردا ئەمەلىلەشكەن قارا دېڭىز ئەتراپىدىكى (كئى ئى ب)، شىمالىي ئامېرىكىدىكى (تى ئا فتى ئا) ۋە تىنچ ئوكيانىدىكى (ئا پى ئى ج) بىرلىكلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تېخىمۇ ھەقىقەتچى ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ ساغلام ئورتاق نۇقتىلارغا تايانغانلىقىنى، ئورتاق مەدەنىيەت شەرتلىرىنىڭ بىرلىككە ئېرىشىشكە مۇۋاپىق بىر شارائىت ھازىرلىغانلىقىنى، كەلگۈسىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە.

ئىكو ئەڭ مۇھىم ۋە كەلەچىگى پارلاق بىر تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇۋاپپىقىيەتلىك بولۇشىدا ئامېرىكا، روسىيە ۋە خىتاي بىلەن بولغان تۇراقسىز سىياسەت ياخشى باشقۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ بۈيۈك ۋە زور سىياسەتلەر كۈچلۈك سىياسەتچى ھەم كۈچلۈك دىپلوماتلارغا مۇھتاجدۇر.

ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان بىر رەھبىرى ياكى چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەقلىرىنى قوغدىغان پارتىيىسى ھەتتا جەمىيەتلىرىمۇ يوق.

(بۇ ماقالا تۈرك مەدەنىيىتى ژورنىلىنىڭ 371-ساندىن ئېلىندى)

ئەسكەرتىش: شەرقىي تۈركىستان ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاخباراتىدا: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1992-يىلىدىكى ئاھالىسى ئون بەش مىليون بەش يۈز قىرىق بىر مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلار يەتتە مىليون ئۈچ يۈز ئىككى مىڭ، خىتايلار بەش مىليون توققۇز يۈز بىر مىڭ، قازاقلار بىر مىليون بىر يۈز ئەللىك تۆت مىڭ، تۇڭگانلار يەتتە يۈز بەش مىڭ، قىرغىزلار بىر يۈز قىرىق يەتتە مىڭ، موڭغۇللار بىر يۈز قىرىق تۆت مىڭ، شىبەلەر ئوتتۇز بەش مىڭ، تاجىكلار ئوتتۇز بەش مىڭ... ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاتمىش ئىككى پىرسەنت.» دېيىلگەن — شىنجاڭ يىلنامىسى 89-بەت

تەھرىردىن

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى ھەپتىلىك ئاخبارات يىغىنى ئىلانلىرىنى جامائەت ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىككى تەرەپلىمە ۋە كۆپ تەرەپلىك ئاگلاشمىلارنى ئايلىق خەۋەرچە شەكلىدە بىسىپ تارقاتسا بۇنىڭ ھېچكىمگە بىر زىيىنى بولماس. ھەر ھالدا پايدىلىق بولغان بولاتتى.

## شەرقى تۈركىستان

بۇ رايون ھەققىدە چەتئەل مەتبۇئاتلىرى بەك مۇھوشيار، داۋاملىق ساۋات بىر سۋاتقانلار بار.

شەرقى تۈركىستاننى ـ چىن تۈركىستان، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ياكى شىنجاڭ دەپ ئاتىشىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ خوشنىلىرى خىتاي، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، موڭغۇلىيە، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئۆلگىلىك قىتئە ئىچى دۆلەتلىرىدۇر.

شەرقى تۈركىستان، دۇنيا جامائەتچىلىگىنى تۆۋەندىكى بەزىلىرى ئىلان قىلىنغان نۇرغۇن سەۋەپلەر تۈپەيلى قىزىقتۇرىدۇ:

جۇغراپىيەۋى شارائىت ۋە سۆۋېتلەر بىرلىگى يىقىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن گېئوپولىتىك شارائىت سەۋەپلىرى بىلەن ئاسيا ۋە دۇنيا سىياسىتىدىكى تەسىرى، خىتايلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاۋرۇپاغا تۇتۇشۇش ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاننى بىر بازا سۈپىتىدە قوللىنىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، رايوندا بار بولغان ستىراتېگىيىلىك پايدىلىق مەنبەلەر (نېفىت، قوغۇشۇن ۋە سىماپ قاتارلىق خىتاينىڭ يۈز ئەللىك خىل مەدەن مەھسۇلاتىنىڭ يۈز يىگىرمىسى بۇ رايوندا بار)، خىتايلارنىڭ بۇ رايوندا ئاتوم يادروسىنغى ئىلىپ بىرىشى، مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئازسانلىق ھالىغا چۈشۈپ قىلىشى، ئەكسىچە خىتايلارنىڭ ھەقسىز ۋە قانۇنسىز ئورۇنلىشىشلىرى، چېگرا بويىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكىرى قىسىملىرىنىڭ خوشنىلىرىنى بولۇپمۇ قازاقىستاننى ئەندىشىگە سىلىشى قاتارلىقلار..

خىتاي مەنبەلىرىدىن قارىغاندا شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپۇسى ئون ئۈچ مىليون، يەر يۈزى بىر مىليون ئالتە يۈز قىرىق يەتتە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ۋە ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە سەككىز كىشى توغرا كېلىدۇ. مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك بەشىنچى يىلى ئون پىرسەنت بولغان خىتايلار بۈگۈن ئاتمىش پىرسەنتكە يەتتى. بۇ رايوندا ئوتتۇز پىرسەنت ئۇيغۇر، ئۈچ يىرىم پىرسەنت قازاق، تۆت پىرسەنت قىرغىز، ئۈچ پىرسەنت موڭغۇل بار. مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن توققۇزىنچى يىلى ئىلىنغان بىر قارار بىلەن يىزىدا ئۈچتىن، شەھەرلەردە ئىككىدىن پەرزەنت كۆرۈش چەكلىمىسى يولغا قويۇلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر مەمۇرى ئىدارىدا ئىككى يۈز يىۋەن مائاش ئىلىۋاتقان ئەھۋالدا تۇغۇت چەكلىمىسىگە بويسۇنمىغانلار مىڭ بەش يۈز يىۋەن جەرىمانە تۆلەيدۇ. شىمالدا سەكسەن پىرسەنت خىتايلار، جەنۇپتا تۈركلەر كۆپچىلىكنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبى قىسمى ئافغانىستان، پاكىستان ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئالاقە قىلالايدۇ ۋە مەنىۋى قوللاشقا ئىرىشەلەيدۇ. شىمالدا خىتاي مەدەنىيىتى ھۆكۈمران. بۇيەردە گېزىتلەر خىتايچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە موڭغۇلچە نەشىر قىلىنىدۇ.

## رايوندىكى سىياسى ئۆزگۈرۈشلەر

ئازسانلىقلارنىڭ ئىشلىتەلەيدىغان ھەقلىرىدىنى بايراملاردا دەم ئالالايدۇ، سىياسى تۈزۈمدىكى ئىسلامى قاراشلاردىن، مەھەللىۋى مەدەنىيەت ۋە كىملىكىدىن ئۆزاق بولغانلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالايدۇ. چارۋىچىلىق، كىچىك دېھقانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچ ئويمىچىلىغى ۋە كىچىك تىجارەت ئىشلىرىنى قىلالايدۇ، تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىگى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كىچىك ئىشلاردا ئىشلىمەكتە. شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭ دوختۇرخانىلىرى، مەكتەپلىرى، مىھمانخانىلىرى، تىجارەت بىنالىرى ئايرىلغان ئەھۋالدا. خىتايلار جىھازلانغان مەدەنى سىمونت بىنالاردا ياشىسا، باشقىلار مەھەللىۋى ئۆرپى-ئادەت ئىچىدە لايدىن ياسالغان كۆرۈمسىز، قونالغۇ ئۆيلەردە ياشايدۇ. تۈركلەر ۋە خىتايلار ئىككى خىل ۋاقىت قوللىنىدۇ.

# ئۇنتۇلغان شەرقىي تۈركىستان

گېنېرال سۇئات ئىلخان

(ئاتاتۈرك تىل، تارىخ ئالىي كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى)

مۇستەقىل ۋە شەخسىي تىلەكلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچى ھەم كۈرەشچىلەرنىڭ يېقىنلىقىنى جەلپ قىلىدىغان، ئەرزان ۋە بۇ مەنادا پايدىلىق بولغان جەلپ قىلارلىق خەۋەرلەرگە چېكىنىشلىرى ئالغان شەخسىي تىلەكلىرىنىڭ جىددىي بىر مەدەنىيەت ۋە تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، مۇھىم بىر مەدەنىيەت دائىرىسىدە شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. مەرىپەتلىرى پات-پات ئەرە ۋە سۈيگۈ ئالماشتۇرماقچى بولغان، ئۇنىڭغا قارشى ھېچبىر ئۇنۇمى بولمىغان بەزى سەنئەت ۋە ھەۋەسكارلىرىنى، ھەتتا ئىستىمالچىلارنى يالغان راسلاردىن دايىم كۆرسەتمەكتە. ئەلۋەتتە تىلەكلىرىدەك ناھايىتى تەسىرچان بولغان بىر تەشۋىقات ئورگىنى جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تېخىمۇ مۇھىم رول ۋە تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

تىلېپىدىن چىققان مۈزىكىلارنىڭ ۋە توققۇز يۈزلۈك تېلېفونلارنىڭ توزىقىدىن قۇتۇلۇپ سەۋىيەسى يۇقىرى كىلاسسىك تۈرك، كىلاسسىك غەرپ ياكى خەلق مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش، كۈنىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك، كۆز قارىشىنى شەرھلەش ۋە ئوچۇق مۇنازىرىلەرنى ئاڭلاش، مەدەنىيەت ئونسۇرلىرىنىڭ خالىغان بىر سىيەقىدە مۇھىم بىر تەشۋىقاتنى ئاڭلاش ئۈچۈن يېتەرسىز بولسىمۇ يەنىلا تۆھپىكارىت رەتگە قايتىمىز.

مەتبۇئاتىمىز بولسا كۈنلۈك سىياسەت پاراڭلىرى چىقمىسا بىر ئۇيياققا-بىر بۇيياققا پەگىشىپ، تېپچەكلەپ تۇرماقتا.

بۇنچىلىك زارلىنىشىم، يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە مىللىتىمىزنىڭ بىلىمسىز ۋە خەۋەرسىز تاشلىنىپ قېلىشىنى كۆرۈشتىن مەنبەلىنىۋاتىدۇ. كۆپچىلىكنى خەۋەرسىز تاشلاپ قويغانلار، پەقەت نەشرىياتلا ئەمەس. ئۇلارنىمۇ تەمىنلىشى كېرەك بولغان ۋە نەشرىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر كىمىسىنى ھاسىل قىلغان ئانادولۇ ئاگېنتلىقى، مەتبۇئات نەشرىيات باش مۇدىرلىكى، ھەتتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئوخشاش دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى يېتەرلىك ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلىيەلمەيمىز.

شەرقىي تۈركىستان-خەۋەرسىز قالغان مۇھىم ماۋزۇلارنىڭ بىرسىدۇر. مەتبۇئات ئورگانلىرىمىزنىڭ ۋە شەخسىي تىلەكلىرىمىزنىڭ نە شەرقىي تۈركىستاندا، نە غەربىي تۈركىستان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە دائىمىي ۋەكىللىرى يوق. گېزىتلىرىمىز ئارىلىرىدا قېلىۋاتقان ئاۋغانلىردىن يەرئاشا تۈرك دۇنياسى ھەققىدە چەتئەل ئاگېنتلىقلىرىدىن ئالغانلىرىنى بار قىسمىنى ئامەلۇم، كىچىككىنە بەزى خەۋەرلەرنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس سەھىپىلىرىنىڭ ئوكۇ ۋە سول تەرەپلىرىگە قىستۇرۇپ قويىدۇ. بۇ مەتبۇئاتلار بىلەن نەگەقەدەر كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەتبۇئات نەشرىيات باش مۇدىرلىكى ۋە ئانادولۇ ئاگېنتلىقىمۇ بۇ مەسىلە بىلەن ئالاقىلىق بولمىدى. مەتبۇئات نەشرىيات باش مۇدىرلىكىنىڭ خالىغىنىچە پەرۋاسىز ۋە ئۆزۈۋپىنئۆز ئىشلىگەن قىلىۋاتقان تاشقى ۋە ئىچكى خەۋەرلىرى بولسا، بەك مۇيېتەرسىز. تۈرك دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ بەزى تەپسىلىي خەۋەرلىرىمۇ تېخى تەرجىمە قىلىنىپ ئىلان قىلىنمايىۋاتىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيىتىمىز بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قېلىپ ۋاقەنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىمىز.

بەنچاۋ بۇيرۇقتا ئاساسەن قايتىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغىنىدا كۈن تۇغدىخان كېلىپ كىنگىت ۋە كۇچا خانلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشتىن قورقۇپ بەنچاۋ نى قايتىشتىن توستى. كۈن تۇغدىخان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان ئويسۇن ۋە سوغۇت خانلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. چىن ئىمپىراتورى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بەنچاۋغا چوڭ بىر ياردەم قوشۇنى يوللىدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بەنچاۋ 85 نجى يىلى قەشقەرنى قايتا بېسىۋالدى.

ئۈچ ۋە كىنگىت خانلىرى ئارىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. 90 نجى يىلى باختىر (باكتىرىيە) ۋە ئافغانىستان نىڭ پادىشاسى بولغان ياۋچىلار خانى" ۋايما كادفايسەر" يەتمىش مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى بەنچاۋ نىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ئۇزۇن تاغلىق يوللاردىن ئېشىپ قاتتىق ھېرىپ چارچاپ ماغدۇردىن كەتكەن ئىسكەرلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. قوماندانى مۇ ئۆلدى. ساق قالغان ئازراق بىر قىسمى قايتىپ كەتتى. (تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىندۇ) بۇ ھادىسە چىننىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەۋەسىنى تېخىمۇ قوزغىۋەتتى ۋە ئىچكىرىدىن ئارقا مۇ ئارقا ياردەملار كەلگىلى باشلىدى. 91 نجى يىلى بەنچاۋ ئۈچ ۋە كۇچارنى بېسىۋالدى. لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ كىنگىت خانلىقىنى ئالالمىدى ۋە ئۇرۇش داۋام قىلىۋەردى. ئېلىدىكى ئويسۇن خانى مۇستەقىل بولسىمۇ چىن ئىمپىراتورى بىلەن يېقىن دوست ئىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا كىئوغلى ۋە ياردەمچىسى ئىدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا چىن ھاكىمىيتىگە بويۇن ئەگمەي تېلىچ كۈچى بىلەن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بىرغىنە كىنگىت (قاراشەھەر) خانلىقى قالغان ئىدى. بەنچاۋ كۇچا نى پايتەخت قىلىپ چىن ئاسارەتى ئاستىدا قالغان باشقا خانلىقلار ئۈستىدە ھۆكمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ ئومۇمىي ۋالىلىق (جىياگشى) سۈپىتى بىلەن ئون ئىككى يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان نىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ تۇردى. بۇ ئارلىقتا كىنگىت خانلىقى بىلەنكى ئۇرۇشلار داۋام قىلماقتا ئىدى. بەنچاۋ 103 – يىلى چىنغا قايتتى. ئورنىغا ئوغلى پان يوڭ (بەن يوڭ) ئومۇمىي (باش) ۋالى بولدى.

بەنچاۋ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن خوتەن ۋە يەكەن خانلىقلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بەن يوڭ نىڭ قولىدا يالغۇز قەشقەر، ئۈچ ۋە لۇلان شەھەرلىرى قالدى. بەن يوڭ نىڭ قۇۋۋەتى يىلدىن يىلغا ئاز قالماقتا ئىدى. خانلىقلار ئارقا – ئارقادىن بىر بىرلەپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغىلى باشلىدى. چىن تارىخلىرىغا كۆرە بۇ خانلىقلارنىڭ بىر قىسمى ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن چىن ھاكىمىيتى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشقان. ياناچىن تارىخچىلىرى بۇجەرياندا چىننىڭ بولۇپمۇ غەرپ ئەللەرى بىلەن بولغان تىجارەت ئىشلىرىگە دەخلى يەتمىگەن يەنى بۇ خانلىقلار چىننىڭ تاشقىرىغا مال چىقىرىشقا رۇخسەت قىلغان دەپ يازىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرق شىمالىدىكى خانلىقلار ھۇن دۆلىتى ھىمايىسى ئاستىدا ۋە غەرب تەرەپى (خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋە ئۈچ) كۈنتۇغدى خاننىڭ قول ئاستىدا تىنچ ياشىماقتا ئىدى. مىلادىنىڭ يەتمىش ئۈچىنچى يىلى چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن پانچاۋ (بەنچاۋ) نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا چوڭ بىر قوشۇن يوللىدى. بۇ دۈشمەن كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھۇن ۋە شەرقىي تۈركىستان ئەسكەرلىرى دىن تەركىب تاپقان بىر بىرلەشمە كۈچ باركۆلدە جەم بولدى. بۇنى ئاڭلىغان بەنچاۋ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشلار دىن كېيىن ھۇن ۋە شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى مەغلۇپ بولدى. بەنچاۋ باركۆل ۋە قومۇل خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ يەتمىش تۆرتىنچى يىلى تۇجۇ خاننى مەغلۇپ قىلدى ۋە تۇجۇ خانلىقىنىمۇ ئىشغال قىلدى. بۇ غەلىبىلەر دىن كېيىن چىن ئىمپېراتورى بەنچاۋ غا نۇرغۇن كۈچ يوللاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان خانلىقلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

بەنچاۋ مىلادىنىڭ 75– يىلى لولانغا ھۇجۇم قىلىپ بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار دىن كېيىن غەلبە قىلىپ لولان دىكى ھۇن ئەلچىسىنى ۋە باشقا ھۇن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى. لولان خاننى چىنغا بويسۇندۇرغانلىقىغا قەسەم ئىچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇندىن كېيىن بەنچاۋ جەنۇپتا يۈرۈش قىلىپ چەرچەننى بېسىۋالدى. 77 نجى يىلى خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن خوتەن خانى ئوردىسىدىكى ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ چىنغا بويسۇنۇش شەرتى بىلەن پۈتۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن، ئۈچ ۋە قەشقەر مۇ چىن ئىستىلا ئاستىغا كىردى.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن كوچا خانى ھۇنلاردىن نۇرغۇن ياردەم ئېلىپ ئۈچ ۋە قەشقەرنى بەنچاۋ ۋە كۈنتۇغدى خاندىن تارتىۋالدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەنچاۋ قايتا ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ ئۈچنى ئالالمىدى. بۇ ئارىدا چىن ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئومۇمىي ۋالىلىق ئىدارىسى (قوروقچىبەك مەھكىمىسى) تەشكىل قىلدى. بەنچاۋ غا يانا نۇرغۇن ئەسكەر ياردەمگە ئەۋەتىپ ئۇنى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئىچكى ئىشلەرنى باشقۇرۇشقا بۇرۇنقى قەشقەر خانىنىڭ ئوغلىنى قورچاق خان قىلىپ بەلگىلىدى.

مىلادى 80 – يىلى كۇچا خانى كۈن خان كىنگىت (قارا شەھەر) ۋە ئۈچ خانلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ تامامەن يوقاتتى. چىننىڭ ئومۇمىي ۋالىسىنى كىنگىت ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى. بەنچاۋ ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەنگە قاچتى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىن ئۈمىتنى كەسكەن چىن ئىمپېراتورى بەنچاۋنى قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىنغا قايتىپ كېلىشنى بۇيرىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋالىسى قىلىپ بەلگىلەندى. چىڭجى لوپنۇركۆل يېنىدا «ۋۆلى» دېگەن جاينى مەركەز قىلدى (ھازىر بۇ جايدىن ھېچ ئەسەر يوق). چىن تارىخلىرىغا كۆرە بۇ ئىستىلا قىرىق توققۇز يىل داۋام قىلغانمىش. بۇ جەرياندىكى ۋەقەلەر ھەققىدە تولۇق مەلۇماتىمىز يوق.

مىلادىدىن بۇرۇنقى ئونىنجى يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر يوللىدى. بۇ ياردەمنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلار ئۆز جايلىرىدىكى چىنلىقلارنى قوغلاپ چىقاردى ۋە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. لېكىن جەنۇبتا خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋە ئۈچ خانلىقى ھۇن دۆلىتىگە تېلىماي دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۆز ئالدىلىرىغا مۇستەقىل ياشىدى. جەنۇبتىكى بۇ خانلىقلار ئىچىدە يەكەن خانلىقى ھەممىدىن كۈچلۈكراق ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستان بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش

مىلادىنىڭ قىرقىنچى يىلى يەكەن خانى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن خوتەن خانى ئىسپارخان بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشتى. ئىسپارخاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولدى. قىرىق بىرىنچى يىلى كوچانىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ ئوغلىنى كۇچا خاقان قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىنچە كىنگىت، قوچۇ ۋە لولان خانلىقلىرىنى ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى چۈنكى بۇ خانلىقلار ھۇن دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىدى. مىلادىنىڭ قىرىق سەككىزىنچى يىلى ھۇن دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۇن ھاكىمىيىتى ئاياغلاشتى. لېكىن بۇ ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى شىمالىي ھۇن دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ قوچۇ، لولان، كىنگىت ۋە شەرق ـ شىمالدىكى باشقا خانلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. يەكەن خانىنىڭ خوتەن ۋە ئۈچ تاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيىتى مىلادىنىڭ ئاتمىشىنچى يىلىغىچە داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا شىمالىي ھۇن دۆلىتى بىلەنكى مۇناسىۋەتى دوستلۇق بىلەن ئۆتتى.

يەكەن خانى ئۆلتۈرەتكەن خوتەن خانى ئىسپارخاننىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى كۈن توغدى خان مىلادىنىڭ يەتمىشىنچى يىلى يەكەن خانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ خوتەننى قولغا كەلتۈردى. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قەشقەر ۋە ئۈچنى ئالغاندىن كېيىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بىر خانلىق قۇردى. كۈن توغدى خان بىلەن شىمالىي ھۇن دۆلىتى مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولۇپ ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ بىر ئەلچىسى خوتەن ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ئىدى.

جياڭچيەن ئۇيسۇنخان بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى تۈزدى. ئىمپىراتور ۋۇدى قىزىنى ۋۇسسۇن خان
غا ياتلىق قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالتە شەھەر ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى خانلىقلار چىن
هاكىمىيتىگە ئاستىغا كىردى.

چىن ئىمپىراتورى غەربى تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش مەخسىتى
بىلەن پەرغانە خانىغا ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتتى. پەرغانە خانى بۇنىڭغا ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى.
بۇ ھادىسىدىن كېيىن ۋۇدى مىلادىدىن بۇرۇنقى يۈز ئىككىنچى يىلى نۇرغۇن ئەسكىرى كۈچ بىلەن
پەرغانەگە ھۇجۇم قىلدى. پەرغانە خانى بۇ ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپلا قالماستىن چىن ئەسكەرلىرىنى
تامامەن يوقاتتى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋۇدى ئاتمىش مىڭ كىشىلىك زور
بىر قوشۇن بىلەن پەرغانەگە يۈرۈش قىلدى. قانلىق بىر ئۇرۇش جەريانىدا پەرغانە خانى ئۆلدى. چىن
لار پەرغانەلىك بىرسىنى تەختكە چىقىرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن پەرغانە چىن ھاكىمىيتى ئاستىغا
كىردى. چىن تارىخچىلىرى بۇ ۋەقەنى كۆرەلەپ "شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان چىن ھاكىمىيتى
ئاستىغا كىردى" دەپ يازىدۇ. ھالەنكى بۇنىڭ يالغانلىقىنى يانا شۇ چىن تارىخچىلىرىدىن ئاڭلايمىز.
«چىننىڭ بۇ جايلاردىكى ھۆكمرانلىقى ھېچ بىر زامان ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. خانلار پۇرسەت
تاپسىلا ئىمپىراتورغا قارشى تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ چىن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقارغان. ئۇندىن
كېيىن چىن ئەسكەرلىرى كېلىپ بەزى يەرلەرنى ئىشغال قىلسىمۇ ھۇنلار كېلىپ ئۇلارنى قوغلاپ
چىقارغان.» مانا شۇنداغ قىلىپ تۈركىستان تۇپراقلىرى چىن ۋە تۈرك ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا
سىدىكى جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان. بۇ قانلىق سوقۇشلار يىگىرمە ئىككى يىل داۋام قىلدى. مىلادىدىن
بۇرۇنقى ئاتمىش سەككىزىنچى يىلى چىندە ئىنقىلاپ كۆتۈرۈلۈپ ئىمپىراتور ۋۇدى ئۆلتۈرۈلدى.
شەرقىي تۈركىستاندىكى چىن ئەسكىرى كۈچلىرى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈنلەي
يوقىتىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلار بۈيۈك ھۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ ئوتتۇزيەتتە
يىل بىر زامان تىنچ دەۋردە ياشىدى.

## شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر

مىلادىدىن بۇرۇنقى ئاتمىشىنچى يىلى ھۇن شاھزادىلىرىدىن چىچى خان ۋە خوجانىسخان
(قوغشارخان) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە سىياسىي تۈركلىرىنىڭ ھۇنلەرگە ھۇجۇم
قىلىشىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ چىن ئىمپىراتورى چىڭجى ئىسىملىك قوماندانىنى چوڭ بىر قوشۇن
بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. چىڭجى مىلادىدىن بۇرۇنقى توقسان بەشىنچى يىلى لولان ۋە
تۇچۇ خانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. ئۇندىن كېيىن كىنگىت (ھازىرقى قارا
شەھەر)، كۇچا، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق ئوتتۇز ئالتە خانلىقلار ئارقا ئارقىدىن
مەغلۇپ بولۇپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىستىلا ۋەزىيىتىنى ئۇزۇنلاپ بولغاندىن كېيىن چىڭجى

## هۇن دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان

مىلادىتىن بۇرۇنقى 206 نچى يىللىرىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوتتۇز ئالتىي خانلىق دۆلەتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك هۇن ئىتتىپاقىغا قوشۇلدى ۋە هۇن تەكرىقۇتىغا تەۋە بولدى. بۇ تارىختىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقى تامامەن بىر تىنچ دەۋر ياشىدى. بۇ تىنچ ۋەزىيەت نىڭ سەۋەبى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا يېزا ئىگىلىكتە، تېرىلغۇ زىرائەت ۋە سودا تىجارەت ئىشلىرى تازا تەرەققى قىلىپ مەدەنىيەتتىمۇ ناهايىتى تىز يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. بۇ خانلىقلاردە هۇن تەكرىقۇتى ئەسكەر تۇرغۇزمايتتى هەر بىر خان ئۆز دىيىسىدا تەكرىقۇت نىڭ بىر قانچە ۋە يا بىر كىشىدىن ئىبارەت ۋەكىللەر هەيئىتى ۋە ياكى ۋەكىلى تۇرۇغلۇق ئىدى. هەر بىر خان تەكرىقۇت هۇزۇرىغا هەر يىل بەلگۈلۈك بىر مىقداردا تارتىغ (باج سېلىق) يوللاپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. تەكرىقۇت يات ئەللەر بىلەن ئۇرۇشقا كىرگەندە بۇيرۇق بويىنچە كۈچىغا ياراپ ئەسكەر چىقىرىپ تەكرى قۇت بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. دىمەك سىياسەت جەهەتتە پۈتۈن خانلىقلار تەكرىقۇتقا بويسۇنۇپ باشقا ئىچكى ئىشلىرىدا ئۆز چىگرىلىرى ئىچىدە بولسا ئۆز ئالدىلىرىغا موستەقىل ئىدى. خان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ۋە يا خەلق تەرەپىدىن سايلانغان بىرسى تەكرىقۇتنىڭ ماقۇللىشى بىلەن خان بولاتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خانلىقلار مىلادىتىن بۇرۇنقى 108 نچى يىلىغىچە بۇ ۋەزىيەتتە ئاستىدا ياشىدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە خانلىقلار بىلەن چىن ئوتتۇراسىدا هېچ قانداغ بىر ئالاقە ۋە يا تۇتۇنۇشمۇ يوق ئىدى.

## چىننىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇنجى قېتىمقى تاجاۋۇزى

مىلادىتىن بۇرۇنقى يۈز ئون توققۇزىنچى يىلى گەنسۇ ئۇرۇشىدا هۇنلار مەغلۇپ بولۇپ چىنلەر گەنسۇنى بېسىۋالدى. بۇ غەلبەدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىمپراتور ۋۇدى تاجاۋۇزچىلىق قولىنى شەرقىي تۈركىستانغا قەدەر ئۇزاتقىلى باشلىدى. گەنسۇغا چىگرىداش بولغان لولان ۋە تۇچۇ خانلىقلىرى ۋۇدى نىڭ تاجاۋۇزىغا قاتتىق قاتتىق قايتۇردى. ئاخىرى ئىمپراتور ۋۇدى گىنرال چاۋ-پويۇ نىڭ قوماندانلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا چوڭ بىر قوشۇن يوللاپ لولان خانلىقىغا هۇجۇم قىلدى قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن لولان خانى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىر چۈشتى. ئارقىدىن تۇچۇ خانلىقىغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان نىڭ شەرقىدىكى ئىككى چوڭ خانلىق چىن نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

مىلادىتىن بۇرۇنقى 115 نچى يىلى ۋۇدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ كۈچلۈك خانلىقى بولغان ئۇيسۇن (ۋۇسۇن) خانىغا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن جياڭ چيەننى ئەلچى قىلىپ يوللىدى.

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مۇھەممەدئىمىن بۇغرا

بېشى ئۆتكەنكى ساندا:

ئەسكىرى ئىشلار ۋەلىئەھدگە قارايتتى. ئوڭ (جۇنغاز) يەنى غەرپ تەرەپتىكى ئىشلار بولسا تەگرىقۇت ئائىلىسىدىن بىر تىكىن (شاھزادە) نىڭ قارىمىغىدا ئىدى. شەرق يەنى كۈنچىقىش تەرەپ مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىپ بىۋاستە تەگرىقۇتقا قارايتتى. تەگرىقۇت ئۆزىنى چىن ئىمپىراتورىدىن ئۈستۈن تۇتاتتى»

مانا بۇلار چىن تارىخلىرىدە دۈشمەن تەرەپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر قىسىم پاكىتلار بولۇپ شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەدەنىيىتى ئىدى.

## ھۇنلاردە دىنى ئېتىقات

يۇقارىدا بايان قىلىنغىنىدەك ھۇنلار «تۇيىن» دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. كېيىنچە ھۇنلاردە «كۆپتەگرىلىك» ئاساسىدىكى دىنلار كېلىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئەقىدە جەھەتتىن تۆۋەندىكى شەكىللەرى بار ئىدى؛

«دۇنيانى بىر لا تەگرى باشقۇرمايدۇ، ھەر بىر ئىش ئۈچۈن باشقا باشقا تەگرى مۇئەككەل بولىدۇ. كۈن ۋە ئاي دۇنيانى ياراتقان، يەر ئىنساننىڭ جىسمانى تۇغدىغۇچىسى» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئېتىقاتلار بىلەن ھەر قايسى تەگرىلەرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىبادەت ۋە قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشاش دۇئا تىلەپ ئۇسۇللىرى، ئايرىم ھەيكەل ۋە ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. قۇربانلىق ئۈچۈن ئومۇمەن ئات ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۇندىن باشقا كىچىك تەگرىلەر مىسلەن سۇ، ئوت، يامغۇر، شامال ۋە زىرائەتلەر تەگرىلىرىگە ئاتاپ بېلگۈلۈك پەسىللەردە قۇربانلىق قىلىناتتى. دېمەك شۇ دەۋردە پۈتۈن دۇنيادا ھۆكۈم سۈرمەكتە بولغان مۇشرىكلىك تۈرك يۇرتلىرىدىمۇ تارقالغان ئىدى.

92- يىلىغا كەلگەندە 46% گە چۈشۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۆز يۇرتىدا ئازسانلىق قىلىپ كۆرسۈتۈش مەخسىدىگە يەتمەكچى بولدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چىنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا زۇلۇم ۋە دەھشەت بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان "تۇغۇتنى چەكلەش قانۇنى" چىن كومۇنىستلىرى كۆرسۈتۈۋاتقان قانداقتۇر دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش نوپۇس سىياستى ئەمەس. بۇ شەرقىي تۈركىستاننى چىنلاشتۇرۇپ مەڭگۈ بېسىپ تۇرۇش يىرگىنچ ستراتېگىيە پىلانىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئىبارەت. بۇنى تۇختىماستىن ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق سىياسى تازىلاش ھەركەتلىرى، ھېچ قانداق زامانىۋى ساقلىنىش چارە تەبىرلىرى ئالماي تۇرۇپ داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋاتقان يادرو قورالىرى پارتىلىتىش سىناقلىرى ۋە ھەدەپ كۆپ ساندا چىنلىق كۆچمەنلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر تۇتاش سىياسەتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق ماھىيەتنى سىزىپ ئېلىش ئوڭاي.

ئىسلام دۇنياسىدىن بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بەك كىچىكتۈرمەستىن ۋاختىدا كۆز ئالدىغا ئېلىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز. ئەگەر يەنىمۇ كېچىكىپ قالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇزۇشقا بىرمۇ مۇسۇلمان قالمايدۇ!.

ھۆرمەت بىلەن؛

مۇھەممەد رىزا بېكىن.

بېشى 69- بەتتە

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى قانلىق باستۇرۇپ پالالماي بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ ئاگاھ قىلىنىشىدىن قورقۇپ قاتتىق كونترول قىلىپ كەلدى. ھەتتا بىرەر ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن ۋاقەنى خوشنا ۋىلايەتلەرنىڭ ئاگاھ قىلىنىشىدىنمۇ مۇداپىئە قىلىپ، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، يوشۇرۇپ، يالغان خەۋەر قىلىپ كەلدى. قانلىق باستۇرۇش، دەرھال تىنجىتىش، ئاڭلىغان كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قاماش ئۇسۇلى بىلەن ۋەتەندىكى ۋاقەنى ۋەتەندىكىلەرمۇ بىلەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. دېمەك خەلقىمىز شۇ قەدەر بەدەل تۆلەپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەقىقەتىگە ئېرىشەلمەي، دۇنيا خەلقىنىڭ ئىنسانلىق ئالىمىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى جەلپ قىلالماي كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە تارىخى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، توغرا يول تۇتقان، كۈچلۈك پارتىيە، تەشكىلاتلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىدىغان شارائىتلار ھازىرلانماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق نىشانى بويىچە ئىلگىرىلىمەكتە.

ستاستك تەكشۈرۈش نىڭ خۇلاسەسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، پەقەت بىر قارقاش ناھىيە سىدىلا 18765 نەپەر ئايالغا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ سان شۇ جايدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار نىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىزمەت ئۈچۈن ناھىيە گە تۆرت يۈز ئوتتۇز ئىككى نەپەر چىن دوختۇرلىرى مەخسۇس ئەۋەتىلگەن. شەرقىي تۈركىستاندا بۇنداغ ناھىيەدىن يۈز يىگىرمە يەتتىسى بولۇپ 1991 يىلىدىلا ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئاياللار پەرزەنت يۈزى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنغان. 1983 نجى يىلى 12 ئاينىڭ 12 كۈنى ئون بەش مىڭ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە 1990 نجى يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوتتۇز مىڭ مۇسۇلمان ئاھالى زالىملارچە يۈرگۈزگەن تۇغۇتنى چەكلەش قانۇنىغا قارشى نامايىش ئېلىپ بارغان، چىن قوراللىق كۈچلىرى بۇلارنى قانلىق باستۇردى.

3- چىن كومۇنىست ھاكىمىيتى ئېلىپ بارغان قىرىق تېتىملىق ئاتوم يادرو سىناقلىرى ۋە سانى مەلۇم بولمىغان مەغلۇبىيەتلىك سىناقلىرىنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇسۇلمان ئاھالى زىچ ئولتۇراقلاشقان - تەكلىماكان ۋە لوپ نۇركۆلى ئەتراپلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. چىننىڭ بۇ ۋىجدانسىزلارچە ئېلىپ بارغان ئاتوم سىناقلىرى بۇ جايلاردا مۇھىتنىڭ ئېغىر ھالدىكى يادرو- بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلاردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلمىگەن ئېغىر ھالدا يادرو بىلەن زەھەرلىنىش كېسەللىكلىرى يۈز بەرمەكتە. ئەڭ ئېغىرى شۇكى، بۇ سىناقلار تامامەن مۇسۇلمانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىپ شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار نوپۇسىنى ئازايتىش مەخسىدىگە يەتمەكچى بولدى.

49 - يىلى توققۇز مىليون بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان نوپۇسى 91 - يىلى يەتتە مىليون دەپ ئېلان قىلىندى. ئەمما شۇ چاغدا پۈتۈن چىن بويىنچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئەسلىدىكى دىن ئۈچ ھەسسە ئاشقانلىقى كۆرسىتىلمەكتە ئىدى. بۇ يالغان ۋە بۇرمىلانغان بۇ سانتى ئۈرۈمچى ئونىۋېرسىتىتىكى پروفېسسور، خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىلى، ستاتىسكشوناس ۋە يازغۇچى تۇرسۇن قور- بان ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلىپ ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى نىڭ نوپۇس سانى، ھەقىقىي ساندىن بىر قانچە ھەسسە ئازئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. شۇ نىڭ بىلەن تۇرسۇن قۇرباننىڭ پۈتۈن ئۇنۋان ۋە خىزمەتلىرى ئېلىپ تاشلاندى. چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي- تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان نوپۇسىنى دۇنياغا مەخسەتلىك ھالدا ئازكۆرسەتمەكتە. ئەگەر ب.د.ت. نىڭ نازارەتى ئاستىدا بولغۇن شەرقىي تۈركىستاندا بىر نوپۇس ئىنىقلاش ئېلىپ بېرىلسا، شەر- قىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ نوپۇس سانى ئوتتۇز مىليوندىن ئاز چىقمايدۇ.

4- چىن كومۇنىست ھاكىمىيتى قىرق ئۈچ يىلدىن بىرى پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ھالدا چىندىن مىليونلارچە كۆچمەنلارنى يوتكەپ چىقىپ 1949 نجى يىلى 96% بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنى

مۇسۇلمان تۈركلىرىنىڭ ۋەتىنىدۇر. شۇڭا چىنلاردا "ئۇيغۇرلار پۇل تاپسا جامە (مەسجىد) سالىدۇ" دېگەن ئاتاسۆزى بار. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى چىن كامۇنىست تۈزۈمىنىڭ "ئاتېزىم" سىياسىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ ئۇلۇغ قۇربان كەرەم يولىدا چېكىت تۇردى ۋە بۈگۈنمۇ مۇقەددەس دىنىنى جان تىكىپ قوغدىماقتا.

چىن كامۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ 50 نچى يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى يوق قىلىش مەخسىدى بىلەن ۋەھشىلارچە يۈرگۈزگەن ئەمەللىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن:

1- ئىسلام ئۇلۇمالىرىنىڭ ۋە مۇتىۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى «ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت» دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۇلارنى "پان ئىسلامچىلار، سوتسىئالىزىمغا قارشى ئۇنسۇرلار" دېگەن نام بىلەن ئېغىر ھالدا جازالىدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا سەككىز قېتىم «تازىلاش ھەركىتى» دېگەن باستۇرۇش ھەركەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى، دىنىي ئۇلۇمالارۋە ئىسلام بىلىم ئادەملىرىنى تۈرمىلارگە قامىدى. نۇرغۇنلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. دىنىي تەلىم جايلىرى بولغان پۈتۈن مەدرىسەلارنى ۋە مەسجىدلارنى بۇزۇپ چاقتى. بۇ ھەركەتلەر دە ئۆلتۈرۈلگەنلارنىڭ سانى يېرىم مىليوندىن ئاشىدۇ.

2- دىنىي يوقىتىشنى مەركەز قىلغان تازىلاش ھەركەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چىنلار "توغۇتنى چەكلەش قانۇن"نى يۈرگۈزۈپ، شەھەر دە ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارنى ئىككىدىن، يېزىلاردا ئۈچتىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلىدى. توغۇت ئۈچۈنمۇ ئايرىم يىل كۆتەرتىۋى بەلگۈلەپ يەرلىك رەھبەرلارنىڭ نازارىتى قويۇلدى. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى شۇكى، يىگىرمە مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان يېزىلاردا ھېچ قانداق سەھىيە چارە تەدبىرلىرى بولمىغان ۋە ئەڭ ئاددىي تىببىي مىكروپسىزلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى يوق شارائىتتا ئاياللارنى مەجبۇرى ھالدا توغۇماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلىپ توغماس قىلىۋەتتى. ھەتتا بەزى ئەرلەرنى ئاختا قىلىۋەتتى. قورسىقتىكى بوۋاقنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھامىلە ئاياللارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىنى ئېلىپ تاشلاش، ئۇكۇل سېلىپ بالىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرۈش قاتارلىق قەبىھ ئۇسۇللارنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى ۋە مەمۇرى جازا بېرىلدى. (مەخپىي ھالدا تۇغۇپ) بەلگۈلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بوۋاقلارنى نوپۇسقا ئېلىنمىدى. ئۆرپ ئادەت بويۇنچە ئىسمىنى قويۇشقا رۇخسەت قىلماي بالىنى ئىنسانى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلدى. بىر «قانۇنسىز بالا» ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى ئون يىل ئىشلەپ تاپقان ھەققىنى جازاغا تۆلەشكە مەجبۇرلاندى.

شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتى شىنجاڭ گېزىتى 1991 يىلى بىر

## چىن كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتى مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىش سىياسىتىدۇر



9-ئاينىڭ 3-كۈنى مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەدە رابىتىل ئالەم ئىسلامى-ئىسلام دۇنياسى ئالاقىباغلاش تەشكىلاتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىندا قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن «ب د ت دۇنيا نوپوس كونگرېسى» نىڭ "تۇغۇتنى كونترول قىلىش، قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش" قاتارلىق تەشەببۇسلىرىغا قارشى تۇرۇش، كۆپساندىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ بۇ يىغىنغا بايقۇت قىلىش قارارلىرىنى قوللاش ھەققىدە قارار ماقۇللاندى. يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان نامىدىن رابىتا دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى باشلىقى گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىن قاتناشتى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان "تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتى" نى قاتتىق پاش قىلىپ ئومۇمىي يىغىندا مۇھىم دوكلات بەردى. بۇ دوكلات كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە يىغىن ھۆججىتى سۈپىتىدە پۈتۈن ئەزالارغا تارقىتىلدى. تۆۋەندە دوكلاتنى ئەينەن باستۇق.

چىندىكى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى زالىم دىكتاتور ماۋزېدۇڭ نىڭ "ئادەم ئامىلى بىرىنچى ھەل قىلغۇچى ئامىل" دېگەن يوليورۇقى بىلەن چىن نوپۇسىنى تۆرت ھەسسە ئاشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئىشغالىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارغا دەھشەتلىك «تۇغۇتنى چەكلەش قانۇنى» نى يىرگىنچلىك ئۇسۇللار بىلەن مەجبۇرىي ھالدا يۈرگۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال كۆپىيىشىنى توسۇپ ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ كەلدى.

شەرقىي تۈركىستان، تۈرك ئالەمىدە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ شۇ زاماندىن تارتىپ مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنى قوغداش يولىدا چىنلار بىلەن نۇرغۇنلىغان غازات ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىپ ئىسلامىيەتنى جان تىكىپ قوغدىغان، كېڭەيتكەن



# ئەيسا يۇسۇف ئالپ تېكىن

## مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

بۇ يىل ئون ئۈچىنچى ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ رەھبىرى ئەيسا يۇسۇف ئالپتېكىن خىتاي كوممۇنىست باسمىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ قىرىق بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ساياھەت رايونى سۇلتان ئەخمەتتىكى ئارمادا مېھمانخانىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى ھەمدە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

تۈركىيە گېزىتى تۈرك دۇنياسى بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئانادولۇ ئاگېنتلىقى، سامانيولى، تەگرت، يەتتىنچى قانال قاتارلىق تېلېۋىزىيەلەرنىڭ مۇخبىرلىرى، تۈركىيە، يېڭى ئاسىيا، ئورتا شەرق قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ژۇرنىلى ۋە كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ئەيسا يۇسۇف ئالپ تېكىن ئوچۇق خېتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان ئىقتىسادى، سىياسى زۇلۇملىرىنى، يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىش، كۆچمەن كەلكۈنى پەيدا قىلىپ مىللى مەدەنىيىتىمىزنى خىتايلاشتۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت كونترولى، ئاتوم سىناقلىرى ئۆتكۈزۈش ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى زورلۇقلارنى پاش قىلىپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ بولۇپمۇ تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى ئۈمىت قىلدى.

ئوچۇق خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز تۈركلەرنىڭ تۈركتىن باشقا دوستى يوق، دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا تۈنجى قەدەمدە تۈركلەرنىڭ تۈرككە بولغان دوستلۇقىنى، ھېسسىياتلىرىنى ۋە ھىمايىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئىككىنچى قەدەمدە تۈركىيەمىز باشچىلىقىدا مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى چەتئەللەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قالغان تۈركلەر ھەققىدە ئورتاق بىر ستراتېگىيە تۈزۈشىمىز لازىم. ئاخىرىدا تۈركىيە ۋە مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، خىتايدىكى، ئىچكى موڭغۇلىيە، تىبەت، شەرقىي تۈركىستانلاردىكى مەۋجۇت جىددى ۋەزىيەتنى يۇمشاتماق ئۈچۈن بەك كۆپ دۆلەتلەر تەرىپىدىن باشلانغان كومپانىيەگە ئاكتىپ قاتنىشىش يوللىرىنى ئىزدىنىشى لازىم. ئەكسىچە بولسا، تۈركىيە بىلەن مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بۇ ۋابانىڭ ئاستىدا قېلىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئىنسانلارغا ھۆررىيەت، مىللەتلەرگە ئىستىقلال.»

ئىككىنچى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىقىلغانلىقى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت پىرىنسىپنى، پەقەت قۇراللىق كۈرەشنى ئەڭ ئاخىرغىچە تەڭتىكى داۋاملاشتۇرغاندىلا ئۈزۈل-كېسىل ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ۋە سۈلھ، كىلىشىم، توختام، بىتىم دىگەندەك سىياسى ئالدامچىلىقلارغا ئالدانماسلىقتەك ئاچچىق ساۋاقنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقى تولغان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا ۋەزىيىتىدە، سوتسىيالىزىم لاگىرى مۇھىتىدا ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگۈرۈشلەر بارلىققا كەلدى. دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇشتەك ئىستەكلىرى رېئاللىققا ئايلاندى. سوتسىيالىزىم لاگىرى چېكىدىن ئاجراپ، ئۇلارنىڭ ئىستىلاسىدىكى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئۆز مۇستەقىللىقلىرىگە ئېرىشتى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىقبالى غۇۋالىشىپ، يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى چىرىكلىشىپ، كۈشەندىلىرى كۆپىيىپ، ھەتتا ئۆز ئىچىدىنمۇ مۇستەقىللىق داۋالىرى ئوتتىغا چىقتى. قەھرىمان شەرقىي تۈركىستان خەلقى سىياسى پارتىيە، گورۇھلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئويغۇنۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، شارائىت ھازىرلاپ، پىلىكنى تۇتاشتۇرسىلا ئوت ئالىدىغان بومباكەبى جەڭگىۋار ھالەتتە ھازىرلىقتا تۇرماقتا.

«ئەللىك يىلدا ئەل يىغىلىنار، قىرىق يىلدا قازان» دىگەندەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆرلىكى، ئەركىنلىگى، ئازاتلىقى، مۇستەقىللىقى ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن پات يېقىن ئارىدا ئۆز قولىغا يەتكۈسى، ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا مەڭگۈ لەپىلدىگۈسى.

خەۋەرلەر

## خىتاي كوممۇنىستلىرى يەنە ئاتوم بومبىسى پارتلاتتى

خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئاتوم يادرو سىنىقىنى كىمكەيتىمەسلىك توختامى تۈزۈپ بىر قانچە كۈن ئۆتمەستىنلا، ئونىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى شەرقىي تۈركىستان زىمىنىدا يەنە بىر قېتىم ئاتوم يادرو بومبىسى سىنىقى ئېلىپ باردى. يەر ئاستىدا قىلىنغان بۇ سىناق قىرىق بىرىنچى قېتىم بولۇپ، كۈچى قىرىق مىڭ توننىدىن يۈز ئەللىك مىڭ توننىغىچە دەپ مۆلچەرلەندى. تىخى ئالتىنچى ئايدىلا بىر قېتىم ئاتوم پارتلاتقان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى دۇنيا جامائەتچىلىگىنى كۆزگە ئىلماي تويماستىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىتىنى بۇلغاپ، خەلققە تەھدىت سېلىپ بۇ سىناقنى ئېلىپ باردى.

## لوپنور ئاتوم سىنىقىغا قارشى يۈرۈش

قازاقىستان ئاتلان خەلق شتابى ئالمائاتادىن ئىستانبۇلغا – نىيويوركقا قاراپ ئىلگىرلىگەن، لوپنور ئاتوم يادرو سىنىقىغا قارشى يۈرۈشنى باشلىۋەتتى. شتاب باشلىقى ئامانتاي ھاجىم بىلەن ئالمائاتا مىللى بىرلىك سىپىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ مۇخلىسى باشچىلىقىدىكى سەككىز كىشىلىك ھەيئەت ئون بىرىنچى ئۆكتەبىر كۈنى ئىستانبۇلدا مۇخپىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يېقىندا يەنە ئىككى قېتىم ئاتوم يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىگى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىپلىدى. ئۇلار ئەتىسى ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇيەردە كۈرەشنى داۋام ئەتكۈزمەكچى.

# سېغىنغان كۈنلەر كېلىدۇ چوقۇم

## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ باش ماقالىسى

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى رەئىسىمىز، مارشال ئەلىخان تۆرە پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربى ئالتۇندەك چاقنىدى، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى كۆكتە جەۋلان قىلدى، دۆلەت تەشكىلى ئاپاراتى تەسىس قىلىندى، مۇنتىزىم ئارمىيىسى كۈرەشكە ئاتلاندى، شەرقىي تۈركىستان پۇلى تارقىتىلدى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى شاتلىقتا، يەتتە ۋىلايەت خەلقى ئازاتلىق ئۈمىدىگە چۆمۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يىقىلىپ ئون يىلدىن كېيىن، قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق خىتاي ئىستىلاچى ھۆكۈمرانلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆر، ئازات، دېموكراتىك دۆلىتىنى قۇردى ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئازاتلىق كۈرىشى ئۆزىنىڭ دانا رەھبەرلىرىنى، باشلامچى مۇتەۋەررلىرىنى، پىداكار زىيالىيلىرىنى، ھۆرمەتلىك ئۆلىمالىرىنى، جەڭگىۋار پىدائىي جەڭچىلىرىنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىدا ئاخىرقى قېتىم قۇرۇلغان بۇ دۆلەت ئالتە يىلدىن كېيىن، ئەللىگىنچى يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن ھەرخىل سۈلھ، ھىلە-نەيرەڭ، سۇيىقەست، ئالدامچىلىقلار ئارقىلىق يوق قىلىندى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقى توشقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن بىرلىكتە ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۈرىشى جەريانىنى، سىياسىي پىروگراممىسىنى، دۆلەت ئورگانلىرى تەسىسىسىنى شۇنىڭدەك مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى، كەلگۈسى ئازاتلىق كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان نىشان ۋە كۈرەش ستىراتېگىيىسىنى بەلگىلىشى كېرەك.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىۋاتقان تارىخىي تەتقىقات ماقالىلىرى، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر، مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتتىكى ۋاقەلەر ۋە كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكى ئىككى يەكۈنگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياۋى زومىگەر كۈچلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. دۇنيانى بۆلۈپ ئاسىيانى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن روسىيە بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئىمپېرىيالىست دۆلەت، يالتا يىغىنىدىكى سۇيىقەستلىك پىلانىنىڭ يول قويۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ كەلگۈسى خەۋپ كەلتۈرىدىغان بوۋاقنى بۆشۈكىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈش قارارىنى ئالدى. خام تالاش نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن، موڭغۇلىيەدىن، ياپونىيەدىن ئالاھىدە مەنپەئەتلەنگەن ۋە مۇختارىيەتتىكى قارشى كۈچلەرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغان روسلار، قول ئاستىدىكى تۈرك رېسپۇبلىكىلىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە تارىختىن بويان ئىسيان، مۇجادىلىگە باش بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىشپىيونلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆز تەسىر ئېلىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پۈت-قولىنى چۈشەپ خىتايغا بېرىۋەتتى. مانا بۇ ئەڭ ئاساسىي سەۋەپ ۋە ئومۇمىي باھادۇر.

# شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

## پەسىللىك ئىلمىي، مەدەنىي ژورنال


سېغىنغان كۈنلەر كېلىدۇ چوقۇم ........ باشاقالا ...... 91
ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى..
ئۆتكۈزدى ........ 89
دۇنيا ئىسلام بىرلىكى پەۋقۇلئاددە يىغىندا سۆزلەنگەن...
دوكلات ........ مەھمەت رىزا بېكىن ...... 88
شەرقىي تۈركىستان تارىخى .... مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ... 84
ئۇنتۇلغان شەرقىي تۈركىستان .... سۇئات ئىلىخان ...... 78
خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى كۈرەشلەر .. دولقۇن يۈرچى· 75
ماھمۇت قەشقەرى، دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك ۋە شەرقىي
تۈركىستان ......... ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر ........ 68
تارىخىي ۋەسىقىلەر ........ 60
ئانادولۇدا ئۇيغۇر تۈرك دۆلىتى ........ 56
سالاھىيەتداشلىرىم ـــ شىكىر.. سۇلتان ماھمۇت قەشقەرى 53
خىتاي يەنە ئاتوم پارتلاتتى ........ 90
لوپنۇر ئاتوم سىنىقىغا قارشى يۈرۈش ........ 90
ياشلار تۈركىيدە داۋانى جانلاندۇرماقتا ........ 54
تۈرك دۇنياسى ياشلار قۇرۇلتىيىدا ...... ئۆزگۈر ياغلاقار.. 52
ئاۋستىرالىيىدە تۈركىستان قۇرۇلتىيى ........ 51



ئىدارە ئادرېسى: مىللەت جاددەسى
كۈچۈك ساراي ئاپارتمان 26/3 نومۇر
ئاقساراي 34270
ئىستانبۇل، تۈركىيە
تېلېفون: 534 80 67 (212)
521 60 02
فاكس: (212) 534 80 67



ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى
يازغۇچىغا خاس، بىزگە مۇناسىۋەتسىز.



قۇرغۇچى
ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىن
ئىمتىياز ئىگىسى
شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى نامىدىن
مەھمەت رىزا بېكىن
يېزىقچىلىق مۇدىرى
ھامىت كۆكتۈرك
مەسئۇل مۇھەررىر
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر
تەھرىر ھەيئەتلەر
پروفېسسور دوكتور مەھمەت ساراي
دوچان دوكتور س. ماھمۇت قەشقەرى
ھامىت كۆكتۈرك
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر
دولقۇن يۈرچى
كۆكبۆرى تەڭرىتاغ
ھەرپ تىزغۇچى
ئاينۇر تۈركىستانى
زەپەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قىرىنداشلار زاۋۇدىدا تۈپلەندى
يىللىق مۇشتىرى ھەققى
چەتئەللەردە 25 دوللار ياكى 50 مارك
تۈركىيىدە يۈز مىڭ لىرا



ئايروپىلان بېلىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ
deniz
TURİZM ve SEYAHAT
Limited Şirketi
AKSARAY-İSTANBUL
Tel: (0-212) 529 64 56
585 90 01
589 58 39
Fax: (0-212) 589 58 38
YURT İÇİ - YURT DIŞI
İŞÇİ, ÖRENCİ, TURİST
VE
TÜRK CUMHURİYETLERİNE
BİLET TEMİN EDİLİR
دېڭىز
تۇرىزىم ۋە ساياھەت شىركىتى
ئاقساراي-ئىستانبۇل
No. 13/1 34300

# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى

